مەخپى

## شىنجاڭ مىنبىڭلىرى
# چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

**(1985 — 1949)**

*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

سەپەرۋەرلىك باشقارمىسى
شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىڭبۇ مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر
تەلىم - تەربىيەسى باشقارمىسى
1986 - يىل 7 - ئاي

## ئىزاھات

1. شىنجاڭدىكى سەپەرۋەرلىك خىزمىتى تارماقلىرى، خەلق قوراللىق خىزمىتى كادىرلىرىنى شىنجاڭنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىنبىڭ ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش ھەمدە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولغان مەزكۇر «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

2. بۇ «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» گە شىنجاڭنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىنبىڭ ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە دائىر زور ۋەقەلەر، زور پائالىيەتلەر، شۇنىڭدەك پارتىيە ھەم دۆلەتنىڭ مىنبىڭ، سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە ئائىت بەزى فاكىتلار، سىياسەت، يوليورۇقلىرى كىرگۈزۈلدى؛ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىچكى باغلىنىشلارنى چۈشىنىۋېلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىكى بەزى مۇھىم ۋەقەلەرمۇ قىسقىچە كىرگۈزۈلدى. مەسىلىلەرنىڭ تولۇق ۋە باغلىنىشلىق بولۇشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، بەزى ۋەقەلەر مۇۋاپىق يىغىنچاقلاپ بايان قىلىندى.

3. بۇ «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ئاساسلىقى ئۆزىمىز 1986 - يىل 6 - ئايدا تۈپلەپ رەتلىگەن «ھەربىي خىزمەت تەزكىرىسى» (مىنبىلىك، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتىگە ئائىت ماتېرىيال) ئاساسىدا، قايتىدىن رەتلەش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، تولۇقلاش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلدى. سەۋىيىمىز چەكلىك، ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقتىن، مەزمۇن ۋە تۈزۈش جەھەتتە خاتالىق ھەم كەمچىلىكلەردىن خالى بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، شۇڭا كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سورايمىز.

بۇ «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نى ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاڭ دېفۇ، مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ قۇربان ئەرشىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سەپەرۋەرلىك باشقارمىسى ۋە مىنبىلىك، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم - تەربىيىسى باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، بىكتۇەن خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن بۆجاڭى چېن ۋېيشۇ، سابىق ئىلى زاپاس ھەربىيلەر شىسىنىڭ سەنمۇجاڭى ۋۇجىڭخۇا قاتارلىق يولداشلار تۈزۈپ چىقتى، سابىق ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆجاڭى جاۋ بەيجىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

سەپەرۋەرلىك باشقارمىسى
شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى مىنبىلىك، زاپاس ھەربىيلەر
تەلىم - تەربىيىسى باشقارمىسى

1986 - يىل 7 - ئاي

# مۇندەرىجە


1949 - يىل ........ (1)

1950 - يىل ........ (3)

1951 - يىل ........ (5)

1952 - يىل ........ (10)

1953 - يىل ........ (13)

1954 - يىل ........ (18)

1955 - يىل ........ (23)

1956 - يىل ........ (27)

1957 - يىل ........ (29)

1958 - يىل ........ (33)

1959 - يىل ........ (39)

1960 - يىل ........ (46)

1961 - يىل ........ (55)

1962 - يىل ........ (64)

1963 - يىل ........ (72)

1964 - يىل ........ (82)

1965 - يىل ........ (90)

1966 - يىل ........ (106)

1967 - يىل ........................................ (117)
1968 - يىل ........................................ (120)
1969 - يىل ........................................ (121)
1970 - يىل ........................................ (129)
1971 - يىل ........................................ (138)
1972 - يىل ........................................ (141)
1973 - يىل ........................................ (146)
1974 - يىل ........................................ (156)
1975 - يىل ........................................ (160)
1976 - يىل ........................................ (171)
1977 - يىل ........................................ (184)
1978 - يىل ........................................ (188)
1979 - يىل ........................................ (204)
1980 - يىل ........................................ (214)
1981 - يىل ........................................ (224)
1982 - يىل ........................................ (234)
1983 - يىل ........................................ (247)
1984 - يىل ........................................ (268)
1985 - يىل ........................................ (277)

## 1949 - يىل

9 - ئايدا ئازادلىق ئۇرۇش ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە باسقۇچىغا قەدەم قويدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ غەلىبىلىرى يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تەسىرى، پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ ئىلھامى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ سىلىڭى تاۋسىيۆ، ئۆلكىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار پارتىيىمىزنىڭ تىنچلىق شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىپ، 9- ئاينىڭ 25-، 26- كۈنلىرى تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 22- بىڭتۇەنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. 10 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ سىلىڭيۇەنى ۋاڭ جېن 2-، 6- جۈننى باشلاپ شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - يىغىنى بېيـ

جىڭدا چاقىرىلدى. يىغىندا ۋاقىتىنچە ئاساسىي قانۇن رولىنى ئوينايدىغان «ئورتاق پروگرامما» ماقۇللاندى. «ئورتاق پروگرامما»نىڭ 23 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە مىنبىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، جايلارنىڭ تەرتىپى ساقلىنىدۇ، دۆلەتنىڭ سەپەرۋەرلىك ئاساسى تۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە مۇۋاپىق پەيتتە مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئەسكەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. دېمەك، ئۇنىڭدا مىنبىك تۈزۈمىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەربىي تۈزۈمىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەندى.

# 1950 - يىل

يىل بېشىدا مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيۋاتقان ئەك-
سىيەتچىلەر ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ، ئوسمان،
يولۋاس، جانىمقان باشچىلىقىدىكى باندىتلار، شۇنىڭدەك
سابىق گومىنداڭ ئاتلىق 7 - شىسىغا بېۋاسىتە قاراشلىق
قىسىملار ۋە 20 -، 21 - تۇەنىنىڭ بىر قىسمى، 26 -
شىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىدىن بولۇپ 7000 دىن
كۆپرەك ئادەم ئامېرىكىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن
كونسولى ماكنانىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن
توپىلاڭ كۆتەردى.

توپىلاڭنى تىنجىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قورااللىق
كۈچلەرنى تازىلاش ئۈچۈن، دىخۇا رايونلۇق پارتكوم
شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجى-
لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى خەلق ئامىسىنى تەشكىللەپ
«باندىتلارنى تازىلاپ، ئۆزىنى قوغداش»قا چاقىردى.
ھەرقايسى رايون، يېزا ۋە مەھەللىلەر ياشلار ھەم ئوتتۇرا
ياشلىقلارنى ئاكتىپ سەپەرۋەر قىلىپ، «قوغدىنىش ئەت-
رىتى»، «ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى»، «بىرلەشمە مۇداپى-
ئە ئەترىتى»، «قورااللىق خىزمەت ئەترىتى»، «پارتىزانلار
ئەترىتى» ياكى «مىنبىك ئەترىتى» (پەيى، بەنى) تەشكىل-

لەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلاشقا ماسلاشتى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ئۈرۈمچى، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمىسار، گۇچۇڭ، مورى، سانجى، قوتۇبى، ماناس، تۇرپان، پىچان، توقسۇن، قۇمۇل، باركۆل، چەرچەن قاتارلىق 15 ناھىيىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەر خىل شەكىلدىكى ئاممىۋى خەلق قوراللىق كۈچلىرىدىن 12 مىڭ 262 كىشى تەشكىللەندى، ھەر خىل قورال - ياراقلار 2674 تالغا، ئات 402 تۇياققا يەتتى. بۇھال شىنجاڭ مىنبىگىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قوراللىق كادىرلىرى يىغىنى چاقىرىلدى.

يىغىندا مىنبىگىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ئورنى، رولى مۇزاكىرە قىلىندى، مىنبىڭ خىزمىتىنىڭ فاڭجېن، ۋەزىپىلىرى ئېنىق بەلگىلەندى. يوقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قۇرۇش قارار قىلىندى، «مىنبىگىلارنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە تۈزۈپ چىقىلدى.

يىل بېشىدا دىخۋا ھەربىي رايونى مىنبىلىك تەشكى-
لىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ھە-
قىقەتكە قايتقاندىن كېيىن ئىپادىسى ناچار بولغان ئو-
فىتسېر، جەڭچىلەرنى يەرلىك ئاممىۋى قوراللىق تەش-
كىلاتلار ئىچىدىن يۆتكەپ، ئۆگىنىشكە ۋە ئىدىيە ئۆز-
گەرتىشكە تەشكىللەش؛ قورالغا تايىنىپ ئوغرىلىق - بۇ-
لاقچىلىق قىلىش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك
قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللان-
غان بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى
تەلەپ قىلدى.

تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق مىنبىلىك تەشكىلى
پاكلاشتى ۋە زورايدى. مىنبىگىلارنىڭ سانى 28 مىڭ 927
كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ مىنبىگىلار %43نى،
ئۇيغۇر مىنبىگىلار %42نى، باشقا مىللەت مىنبىگىلىرى
15% نى ئىگىلىدى. كەمبەغەل دېھقانلار %66نى، ئوت-
تۇرا دېھقانلار %28نى، باشقا تەركىبتىكىلەر %6 نى
ئىگىلىدى. ھەر خىل يېنىك قوراللار 3537 تالغا، ئات
898 تۇياققا يەتتى.

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسى مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ھەر

دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ تەشكىلى ۋە شتاتى توغرىسىدا قارار» چىقاردى. قاراردا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى:

«بىرلىككە كەلگەن خەلق قوراللىق كۈچلىرى تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تۇرغۇزۇپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەربىي كومىتېتىنى رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارغا قەدەر خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلىدۇ».

«مىنبىڭلارنىڭ سىياسىي خىزمىتى شۆبە ھەربىي رايوندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ھەر دەرىجىلىك ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلىنىدۇ، ناھىيىلىك، رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدە سىياسىي خىزمەتچىلەر قويۇلىدۇ، رەھبەرلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەرلىكنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قوراللىق بۆلۈمنىڭ جېڭۋېيلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمنىڭ سىياسىي جىاۋداۋيۈەنلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، رايونلۇق ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىسى مۇئاۋىن جىاۋداۋيۈەنلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. ناھىيىلىك، رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى شۇ دەرىجىلىك پارتكومغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ھەربىي ھەيئىتى بولىدۇ. يېزىدا ياكى مەمۇرىي

كەنتتە مىنبىڭ دۆيى قۇرۇلىدۇ، دۆيجاڭلىقىنى يېزا (كەنت) پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەربىي ھەيئىتى، جىڭداۋيۈەنلىكىنى ياچېيكا شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ.»

«18 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ئەر پۇقرالارنىڭ مېيىپ بولغان ۋە روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسىنىڭ مىنبىڭ تەشكىلىگە قاتنىشىش ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بار، مىنبىڭلار ئارىسىدا مىنبىڭ تايانچىلىرى دۆيى تەشكىللىنىپ، ئۇلار مىنبىڭلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىدا تايانچ كۈچ قىلىنىدۇ.»

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى.

يوليورۇقتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى:

1. مىنبىڭلارنىڭ كۈرىشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى مىنبىڭلار ۋە خەلق قوغدىنىش ئەترەتلىرى خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەشتىكى كۈچلۈك تۈۋرۈككە ئايلاندى. مەملىكەت ئىچىدە سىنىپىي كۈرەش، خەلقئارادا جاھانگىرلىك تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋردە، قۇدرەتلىك زاپاس كۈچلەرنى ساقلاش ۋە بەرپا قىلىش، مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

2. نۆۋەتتە مىنبەرلىك تەشكىللى تېخى ئومۇمىيلىشىپ كەتكىنى، خىزمەتلەر چوڭقۇر ئىشلەنگىنى يوق، تۈزۈملەر تېخى بىردەك ئەمەس، ئەمدى بۇرۇنقى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مىنبەرلىك بولۇشتەك تەشكىلىي پرىنسىپقا مۇۋاپىق تۈزىتىش كىرگۈزۈش، يەنى تەدرىجىي ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك مىنبەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك.

3. مىنبەرلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: دۆلەتنىڭ سەپەرۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئارمىيىگە ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشىش، جەڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەش، ئارقا سەپنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش ھەمدە يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش.

4. مىنبەرلىك تەشكىللىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇستەھكەملەش، مىنبەرلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەكشۈرۈپ، تەشكىلنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5. مىنبەرلەرگە دېھقانچىلىق ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن ھالدا، تارقاق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

6. مىنبەرلىك قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش ئىگىلەش ئۈچۈن، رايوندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلىدۇ. ئۇلار ھەربىي سىستېمىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مىنبەرلەرگە بولغان سىياسىي رەھبەرلىكىنى ۋە

ئۇلارنىڭ تەڭ دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇنۇلار بەلگىلەندى: ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ جىڭۋېيلىقىنى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جۈجاڭى قوشۇمچە خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭلىقىنى، رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ جىداۋيۈەنلىكىنى، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە مۇئاۋىن جىداۋيۈەنلىكىنى، رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمى قوشۇمچە مۇئاۋىن بۇجاڭلىقىنى، كەنت (يېزا) پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە مىنبىڭ دۈيىنىڭ جىداۋيۈەنلىكىنى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە مۇئاۋىن جىداۋيۈەنلىكىنى، ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى قوشۇمچە مۇئاۋىن دۈيجاڭلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ يولىيورۇقتا «ئومۇمىيۈزلۈك مىنبىڭ تۈزۈمى» تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنى يولداش لىيۇ شاۋچى يولىيورۇقنىڭ ئارگىنالىنى كۆرگەن چاغدا قوشۇپ قويغان.

# 1952 - يىل

1 - ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ ئارمىيىنىڭ شتاتىنى تەكشەش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت «ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتلىرىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئاستىدا ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇلىدۇ.

2. ھەر قايسى مەركىزىي بيۇرو، شۆبە بيۇرو، ئۆلكىلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيىلىك پارتكوم، رايونلۇق پارتكوم شۇنىڭدەك يەرلىك ياچېيكىلارنىڭ ھەممىسىدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇلىدۇ. ھەر قايسى چوڭ مەمۇرىي رايونلاردىن تۆۋەن ئورۇنلاردا شۇ دەرىجىلىك قوراللىق كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى شۇ ئورۇندىكى پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

3. خەلق قوراللىق كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ھەربىر كومىتېتنىڭ خەلق قوراللىق خىزمىتى توغرىسىدىكى فاكچېن ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا يولغا قويۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە تۈرلۈك تەشكىلىي كۆچلەرنى تەشكىللەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، خەلق قوراللىق كۈچلىرى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

4. ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى بولىدۇ.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى بۇيرۇق چىقىرىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىنبىك تەشكىلىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلدى. بۇ ئون ماددىلىق نىزامدا مىنبىڭلارنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، تۈزۈمى، ئىنتىزامى، تەشكىلىي شىتاتى ۋە رەھبىرىي ئاپپاراتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئايرىم - ئايرىم بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

نىزامنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا: مىنبىڭلار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوراللىق تەشكىلى. 18 ياشتىن 40 ياشقىچە

بولغان ئەر پۇقرالارنىڭ مېيىپ بولغان ۋە روھىي كې-
سەلگە گىرىپتار بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممە-
سىنىڭ مىنبىڭ بولۇش ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بار.
40 ياشتىن ئاشقانلار مىنبىڭ تەشكىلىدىن چېكىنسە بو-
لىدۇ، لېكىن ئۇرۇش قەھرىمانلىرى، مىنبىڭ نەمۇنىچى-
لىرى چېكىنىشنى خالىمىسا، ئۇلارنى ئەھۋالغا قاراپ
قوشۇندا ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

## 1953 - يىل

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھەربىي كومىتېت باش سىياسىي بۆلۈمى «مىنبەرلەرنىڭ سىياسىي خىزمەت ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. قاراردا: ھەربىي كومىتېت خەلق قوراللىق بۆلۈمىدا سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى، چوڭ ھەربىي رايون قوراللىق باشقارمىسىدا سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنىدۇ. ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلار ئاساسلىقى مىنبەرلەر خىزمىتى ئىشلىگەچكە، ئۇلاردا سىياسىي خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غەربىي شىمال ھەربىي رايونى «خەلق قوراللىق خىزمىتى پىلانى توغرىسىدىكى پروگرامما» نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلدى: يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقان رايونلاردا مىنبەرلەر تۈزۈمىنى ئومۇمييۈزلۈك يولغا قويۇش، ئاساسىي بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلار مىنبەرلەر تايانچىلار توۋەنى قۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقان بولسىمۇ، مىنبەرلەر تەشكىلى تېخى مۇكەممەللەشمىگەن ئورۇنلاردا، كىچىككىنە چوڭغا قاراپ، مىنبەرلەر تايانچ بەن، پەي، لىيەن تەشكىلىنى

قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ۋە باندىتلار ئېغىر ۋەقە پەيدا قىلغان رايونلاردا ۋاقىتىنچە مىنبىك تايانچىلار تۇەنى قۇرماستىن، هازىرقى مىنبىكلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇلارغا بولغان سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش ھەمدە مىنبىكلارنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم؛ چارۋىچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مىنبىكلار ۋاقىتىنچە تەرەققىي قىلدۇرۇلمىسىمۇ بولىدۇ.

3 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى پارمىروپكا قىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسىملىرى، دەپ ئايرىلدى (يېزا ئىگىلىك شىسىدىن 10ى، بىنا كارلىق شىسىدىن بىرى تەشكىللەندى).

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى ئۆلكىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا تۆۋەندىكىدەك يوليورۇق بەردى: «ئۆلكىمىزنىڭ ئاز ساندىكى رايونلىرىدا مىنبىك تەشكىلى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى رايونلىرىدا مىنبىك تەشكىلى تېخى قۇرۇلمىدى، مىنبىك تەشكىلى قۇرۇلۇپ بولغان رايونلاردا ئۇنى قانۇنلۇق ساقلاپ قېلىش لازىم، ئۇنى شۆبە ھەربىي رايون، خەلق قوراللىق بۆلۈمى باشقۇر-

دۇ؛ مىنبىڭ تەشكىلى تېخى قۇرۇلمىغان ئورۇنلاردا هازىرچە قۇرۇلمايدۇ؛ مىنبىڭ تەشكىلىگە قاتناشقان ئاياللارغا پرىنسىپ جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۇلار چېكىنىشنى زادى خالىمىسا، مىنبىڭ تەشكىلىدە تۇرۇۋەرسە بولىدۇ. مەسىلە چىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، مىنبىڭ تەشكىلىگە قاتناشقان ئاياللارنى كۆندۈزى قاراۋۇللۇق قىلىش ۋە چارلاش ئېلىپ بېرىشتەك زورۇر خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش، كېچىسى ھەر قانداق خىزمەت ۋە پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرماسلىق كېرەك.»

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «مىنبىڭلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مىنبىڭلارنىڭ ئىشىغا دەخلى يېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق» تارقاتتى. يوليورۇقتا مىنبىڭلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بەلگىلەندى:

1. ھاۋادىن تاشلانغان ئىشپىيونلارنى پائال يوقىتىش؛

2. يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش؛

3. ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش.

**6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە** باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قوراللىق خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ھەربىي خىزمەت قانۇنى (لايىھىسى) ۋە مىنبىڭ خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا باش قوماندان جۇدې مىنبىڭ خىزمىتى، مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلىك تۈزۈمى، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

**8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پېڭ دېخۇەي «مەملىكەتلىك خەلق قوراللىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئۇنىۋېرسال دوكلاتى»غا مۇنداق دەپ تەستىق سالدى:

بۇ دوكلاتنى ھەربىي كومىتېت خەلق قوراللىق بۇسىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىش كېرەك. مىنبىڭلار بىلەن ئاھالىنىڭ نىسبىتى يۈزدە 1 – 3 پىرسەنت بولسا مۇۋاپىق. ئومۇمىييۈزلۈك مىنبىڭ تۈزۈمى دېگەن شوئار ئەمدى تەكىتلەنمىسىمۇ بولار، بىراق ئۇنى ھازىرچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشمۇ ھاجەتسىز.

**9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى** بوجاڭ فۇچيۇتاۋ مۇئاۋىن رەئىس پېڭ دېخۇەي بىلەن بوجاڭ دېڭ زىخۇيغا سۇنغان «مىنبىڭلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئاھالىنىڭ يۈزدە 1 – 3ى

ئەترا پىدا بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات»ىدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «هازىر مىنىبىگلار بىلەن ئاهالىنىڭ نىسبەت سانى ئېلان قىلىنسا بەك بالدۇر بولۇپ كېتەرمىكىن، بۇ فاكىتنى مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلىك تۈزۈمى ھەقىقىي ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئېلان قىلساق مۇۋاپىقراق بولارمىكىن، دەپ قارايمەن.»

**10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** مەركىزىي كومىتېت «مەملىكەتلىك خەلق قوراللىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئۇنىۋېرسال دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كەڭ كادىرلارغا، ئالدى بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى يولداشلارغا ھەر ۋاقىت تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلق قوراللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇتۇپ، تىنچ شارائىتتا قورۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا بۇرۇلۇۋاتقان پەيتتە ۋە «بەش كۆپ بولۇش»قا قارشى تۇرغاندىن كېيىن كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان «قوراللىق كۈچلەرنى بىكار قىلىش»تەك بىخوتلۇق كۆز قارىشى ۋە خاتا ئىدىيىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.»

## 1954 - يىل

6 - ئايىنىڭ 7-كۈنىدىن 7 - ئايىنىڭ 6-كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ھەربىي خىزمەت يىغىنىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىنغا جاڭ ئەيپىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇدې، دېڭ زىخۇي، شىيې جوزەي، گەنسىچىلار سۆز قىلدى. يىغىندا ھەربىي خىزمەت قانۇنى لايىھىسى، 1954 - يىللىق سىناق تەرىقىسىدە ئەسكەر چاقىرىش پىلانى، 1955 - يىللىق ھەربىي خىزمەت رويىختىگە ئېلىش چارىسى، ھەربىي خىزمەت ئاپپاراتىنىڭ شتاتى ۋە خىزمەت مەسئۇلىيىتى، ھەربىي خىزمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، مىنبىك خىزمىتى بىلەن ھەربىي خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

6 - ئايىنىڭ 23 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ئۆلكىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ شتات لايىھىسى» نى تارقىتىپ، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلەردە ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇشنى بەلگىلىدى.

8 - ئايىنىڭ 6 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسىملىرىنى كول-

لىكتىپ كەسىپ ئالما شتۇرۇپ بىر بىكىتۇەن قىلىپ تەشكىل-
لەشنى، ئۇنىڭغا «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىن-
جاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكىتۇە-
نى» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى. قاراردا يەنە: بۇ
بىكىتۇەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي شەكلى
ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى ساقلاپ قالىدۇ، خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، خىز-
مەت ئەترىتى ۋە جەڭ قىلىش ئەترىتىلىك ۋەزىپىسىنى
داۋاملىق ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەم-
گەكنى ئاساس قىلىش، «بوز يەر ئېچىپ، چېگرا رايون-
نى گۈللەندۈرۈش»، چېگرا رايوننى قوغداشتىن ئىبارەت
بولىدۇ. دېمەك ئۇلار ھەم ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى،ھەم
ھەربىي ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدىغان جەڭگىۋار تەشكىل
بولىدۇ. دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە لىيەندۈيلەردە مۇھاپى-
زەت فېندۈيلىرى قۇرۇلىدۇ، ئۇلار جەمئىيەت ئامانلىقىنى
ساقلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنەئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىلىدىغان نەچچە ئون مىڭ جىنايەتچىنى نازارەت
قىلىدىغان مەلۇم ساندىكى قوراللىق مۇھاپىزەت قىسمى
تەشكىللىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ چاغدا، بىكىتۇەن
بويىچە 14 مىڭ 840 دانە ھەر خىل قورال ۋە توپ -
زەمبىرەك، 1 مىليون 365 مىڭ 232 پاي ئوق - دورا
بار ئىدى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەملىكەتلىك ھەربىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە ھەربىي كومىتېتنىڭ ئۆلكىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردا ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇش ھەم ھەربىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ شتات لايىھىسى توغرىسىدىكى يوليورۇقى بويىچە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇلدى. بۇ ئىدارە 1955 ـ يىل 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ۋە قاتناش قولايلىق بولغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1954 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆلكىلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي خىزمەت باشقارمىسىدىن سىرت، ئۈچ شەھەر (ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا) دە ۋە 40 ناھىيە (ئۈرۈمچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن، كۈچۈك، ماناس، سانجى، فۇكاڭ، غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس، چاپچال، بۆرتالا، يەنجى، كورلا، بۈگۈر، چۆچەك، شىخو، دۆربىلجىن، قابا، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىسار، پەيزىۋات، مارالبېشى، ئاتۇش، يوپۇرغا، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، كۇچار، باي، ۋېنسۇ،

شايار، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، خوتەن، قارىقاش، گۇما) دە ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇلدى. ھەربىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 628 كىشىگە يەتتى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باش سەنمۇبۇ ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نامى مەسىلىسى توغرىسىدا جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئەسلىدىكى نامى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ، يەنى بىر ئورۇنغا ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىلىدۇ. شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى نامى ساقلىنىپ قالغاندىن سىرت، باشقا رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ تەشكىلى ۋە نامى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.»

12 - ئايدىن كېيىنكى يىل ئەتىيازغىچە ھەربىي خىزمەت قانۇنى (لايىھىسى) دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەسكەر چاقىرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭ بويىچە

رەھبەرلىكى كۈچلۈك، خىزمەت ئاساسى ياخشى، ئاھالىسى يىغىنچاق، قاتناش قولايلىق بولغان غۇلجا، تۇرپان، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق 10 ناھىيىدىكى 79 رايون، 393 يېزىدا ئەسكەر چاقىرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. جەمئىي 1585 نەپەر يېڭى ئەسكەر چاقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 1469 نەپەر.

# 1955 - يىل

2 - ئايىنىڭ 7 - كۈنى 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت قانۇنى (لايىھەسى)» نى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇ «لايىھە» بىلەن نىيې روڭجېننىڭ «لايىھە» توغرىسىدا بەرگەن ئىزاھاتى (قىسقارتىلمىسى) شۇ ئايىنىڭ 15 - كۈنى ئېلان قىلىندى.

7 - ئايىنىڭ 16 - كۈنى گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پېڭ دېخۇەي مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا بەرگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت قانۇنى لايىھەسى توغرىسىدا دوكلات» ىدا: «قوراللىق كۈچنى تىنچ ۋاقىتتا ھەددىدىن ئوشۇق زور ھەربىي قوشۇن ساقلاشقا تايىنىپ شەكىللەندۈرگىلى بولمايدۇ، مۇنداق قىلىش خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشىغا پايدىسىز، ھەربىي جەھەتتىمۇ كۆپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس؛ قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچنى قۇدرەتلىك

رەسمىي ھەربىيلەر بىلەن كۈچلۈك زاپاس ھەربىيلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت قانۇنى» بىردەك ماقۇللاندى. شۇكۈنى بۇ قانۇننى ماۋجۇشى بۇيرۇق ئارقىلىق ئېلان قىلدى.

ھەربىي خىزمەت قانونى جەمئىي توققۇز باب 58 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مىنىبىنىڭ خىزمىتى مەزكۇر قانۇننىڭ قوشۇمچە پىرىنسىپلىرىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدا: مەزكۇر قانۇن يولغاقويۇلغاندىن كېيىن، مىنىبىلار داۋاملىق تۈردە يەرلىكنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پېڭ دېخۇەي «زاپاس ھەربىيلەر شىلىرىنى تەشكىللەش توغرىسىدا بۇيرۇق» ئېلان قىلدى. بۇيرۇقتا تويۇقسىز يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا قىسىملارنى كېڭەيتىش ۋە تولۇقلاشنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم -

تەربىيەشىلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
بىرىنچى تۈركۈمدە ئالدى بىلەن 10 شى تەلىم ـ تەربىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى «ھەربىي خىزمەت ئورگانلىرى ئۆز لىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاشكارا ئېيىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى. ئۇنىڭدا: خىزمەتكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرى ئورگاننىڭ ئىشىك ئالدىغا ۋەزىپىسىنى ئاشكارا ئاسسا بولىدۇ. ئەسلىدىكى خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئۆزگەرمىدۇ، دېمەك «بىر ئورگاندا ئىككى ۋەزىپە بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باش سەنمۇ بۇ «1955 ـ يىللىق قىشلىق تەلىم ـ تەربىيە توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، جايلاردىن مىنبىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە سىياسىي تەربىيىنى، تەلىم ـ تەربىيە ئوبيېكتى جەھەتتە ئاساسىي قاتلام مىنبىڭ كادىرلىرى ۋە تايانچ مىنبىڭلارنى ئاساس قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان ھالدا ئۆز جايلىرىدا تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى پىرىنسىپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە باش سەنمۇ بۇ ئارمىيە بويىچە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا سەپەرۋەرلىك تارماقلىرى ۋە ھەربىي خىزمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى(لايىھە)، زاپاس ھەربىيلەرنى رويخەتكە ئېلىش، ستاتىستىكىلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى، شۇنىڭدەك بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلەر قاتارلىق مەسىلىلەرمۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقى بىلەن، «زاپاس ھەربىيلەرنى رويخەتكە ئېلىش ۋە ستاتىستىكىلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى(لايىھە)» سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۈچۈن تارقىتىلدى.

## 1956 - يىل

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ھەربىي خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىپ، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ھەربىي خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە ۋەزىپىسىنى كونكرېت بەلگىلىدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە باش شىتاب بۇ بېيجىڭدا سەپەرۋەرلىك كادىرلىرى كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدى، كۇرسقا ھەرقايسى ھەربىي رايون، ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، ئارمىيە، قىسىم تۈرلىرىدىكى كەسپىي رەھبىرىي كادىرلاردىن بولۇپ جەمئىي 188 كىشى قاتناشتى. كۇرستا ئاساسلىقى سەپەرۋەرلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى ئۆگىنىلدى. بۇنى يىل بېشىدا ۋاكپىڭ بۇجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىپ كەلگەنىدى.

9 - ئايدا ئىككى قېتىم ئەسكەر چاقىرىلغان ۋە ئاممىۋى ئاساسىي ياخشى بولغان غۇلجا، تۇرپان، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق 11ناھىيىدە زاپاس ئەسكەرلەرنى ئومۇمـ يۈزلۈك رويخەتكە ئېلىش ھەم بوشىغان، كەسىپ ئالماشتۇرـ غان ھەربىيلەرنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەندى، شۇنداقلا زاپاس ئوفىتسېرلەرنى ئىنقىلاپ رويخەتكەئېلىش خىزمىتى ئىشلەندى. رايونىمىز بويىچە رويخەتكە ئېلىنغان زاپاس ئوفىتسېرلەر 10 مىڭ 805كىشىگە يەتتى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ چېگرا رايونغا يارـ دەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن كادىرلار ئىدى.

باش سەنمۇ بۆلىمىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تۇرپان، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاقسۇ، غۇلجا، كورلا قاتارلىق ناھىـ يىلەردە 19 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان سالامەتـ لىكى ياخشى، رويخەتكە ئېلىنغان 2 - خىلدىكى زاپاس ئەسكەرلەردىن مىڭ كىشى تۇنجى قېتىم تەربىيىلەندى.

# 1957 - يىل

5 - ئايىنىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەركىزىي كومىتېتنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش؛ چىقىمنى ئازايتىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، رايونىمىزدىكى ھەربىي خىزمەت ئاپپاراتلىرى تۆۋەندىكىدەك تەڭشىلىدۇ:

1. قەشقەر، توخسۇن، فۇكاڭ، پەيزىۋات، قەشقەر كونا- شەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، ئاتۇش، مارالبېشى، يوپۇرغا، قاغىلىق، مەكىت، باي، ۋېنسۇ، شايار، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، قار- قاش، گۇما، چاپچال، قورغاس، بۆرتالا، يەنجى، كورلا، بۈگۈر، دۆربىلجىن قاتارلىق 26 ناھىيىلىك، شەھەرلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

2. ئۈرۈمچى ۋە سانجى ناھىيىلىك ھەربىي خىز- مەت ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى (سانجىدا)

قىلىپ قۇرۇلىدۇ، بۇ ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى ئۆزىگە قاراشلىق سانجى، ئۈرۈمچى، مىچۈەن ناھىيىلىرىنىڭ ھەربىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، قومۇل، چۆچەك، خوتەن، ئاقسۇ ناھىيىلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرى شۇ ئورۇندىكى شۆبە ھەربىي رايونلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ؛ تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي خىزمەت بۆلۈمى چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىنىڭ ھەربىي خىزمىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولىدۇ؛ خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي خىزمەت بۆلۈمى خوتەن، قارىقاش، گۇما ناھىيىلىرىنىڭ ھەربىي خىزمىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي خىزمەت بۆلۈمى، ئاقسۇ، ۋېنسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات ناھىيىلىرىنىڭ ھەربىي خىزمىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولىدۇ؛ قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەربىي خىزمىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى قوشۇمچە ئىشلەيدۇ؛ قاغىلىق، مەكىت ناھىيىلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ناھىيىنىڭ ھەربىي خىزمىتىنى يەكەن ناھىيىلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قوشۇمچە ئىشلەيدۇ.

3. ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ناھىيىلىك، شەھەرلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرىنىڭ كازارما ۋە ئۆي جاھازلىرى بىردەك يەرلىك خەلق كومىتېتلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

يىل ئاخىرىدا تەرتىپكە سېلىش ئاخىرلاشتى. رايونىمىز بويىچە ھەربىي خىزمەت كادىرلىرى 628 كىشىدىن 151 كىشىگە ئازايدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ھەربىي خىزمەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ: «بۇندىن كېيىن ھەربىي خىزمەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — پىلانلىق ھالدا ئۇرۇش ۋاقتى ئۈچۈن زاپاس كۈچ توپلاش، بوشىغان ھەربىيلەر خىزمىتى ۋە مىنبىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك»، «زاپاس ئەسكەرلەرنى توپلاش ھەمدە تىنچلىق مەزگىلىدە باشقۇرۇشقا، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەرلىك قىلىشقا، ئادەتتىكى چاغدا ئەسكەرنى ئاز بېقىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرنى كۆپ چىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتى بىلەن مىنبىڭ خىزمىتىنى قوشۇۋېتىپ، بىرلا خىزمەت - مىنبىڭ خىزمىتى قىلىش لازىم»، «ئالىي مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ۋاقتىنچە توختىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ بىرلىكتە ھەربىي

خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا ھەرقايسى ھەربىي رايون، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونىنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرىنىڭ جۇجاڭلىرى قاتناشتى. يىغىندا مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 6- ئاينىڭ 18 - كۈنى تارقاتقان «ھەربىي خىزمەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا يولىيورۇق» نى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىغان ئورۇنلاردا ۋاقتىنچە مىنبىڭ تەشكىلى قۇرۇلمايدۇ؛ مىنبىڭ تەشكىلى قۇرۇلۇپ بولغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى نوقۇل ھالدا سانىنىلا قوغلاشماستىن، سۈپەتنى تەكىتلىشى كېرەك، بۇ جايلاردا مىنبىڭلارنى تەشكىللەش ئۇسۇلى ۋە تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن پەرقلىق بولۇشى لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى.

## 1958 - يىل

**1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى** شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي خىزمەت يىغىنى چاقىردى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان رايون، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا يەنىلا تىنچلىق بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەردە مىنبىڭ تەشكىلى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلمىغان، باندىت تازىلاش ئېلىپ بېرىلغان رايونلاردا قۇرۇلغان ئاز ساندىكى مىنبىڭ تەشكىلىمۇ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتە مىنبىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىمۇ بولىدۇ. «مىنبىڭلار بىلەن زاپاس ھەربىيلەرنى بىرلەشتۈرۈش» — شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا زاپاس ھەربىيلەرنى تەشكىللەشتىنلا ئىبارەت. بىرقانچە ئون مىڭ كىشىلىك ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئۆزىلا تەشكىللىك بىر زاپاس قوشۇن، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ زاپاس ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ خىزمىتى تۇتۇلسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

**3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق

يىغىنى «ھەربىي خىزمەت تۈزۈمى مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى.

5 - ئايىنىڭ 27 - كۈنىدىن 7 - ئايىنىڭ 22 - كۈنىگىچە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىردى. يىغىندا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت سەككىز يىللىق خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى يولغا قويۇش فاكچىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىننىڭ قارارىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

8 - ئايىنىڭ 29 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ بېيدەيخېدا چاقىرىلغان كېڭەيتىلگەن يىغىنى «مىنبىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. قاراردا: «مەملىكەت دائىرىسىدە قولىغا قورال ئالالايدىغانلىكى ئەر - ئايال پۇقرالارنى قوراللاندۇرۇپ، مىنبىڭ تەشكىلىي شەكلى ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى يولغا قويۇش لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى.

9 - ئايىنىڭ 5 - كۈنى ماۋجۇشى ئالىي دۆلەت مەجلىسىدە قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىز ئەمدى مىنبىڭ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىمىز، خەلق

گۇڭشېلىرىدىمۇ مىنبىڭ خىزمىتى ئىشلىنىدۇ، ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش يولغا قويۇلىدۇ، قورال تارقىتىمىز، دەسلەپتە بىرنەچچە مىليون تال قورال تارقىتىمىز، كەلگۈسىدە بىرنەچچە يۈز مىليون تال قورال تارقىتىمىز. ھەرقايسى ئۆلكىلەر مىلتىق، پىلىموت، گىرانات، كىچىك مىنامىيوت، يېنىك مىنامىيوت قاتارلىق يېنىك تىپتىكى قوراللارنى ئىشلەپ چىقارسا بولىدۇ. خەلق گۇڭشېلىرىدا ھەربىي بۆلۈملەر بار، ھەممە يەردە مەشق ئېلىپ بېرىش كېرەك».

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ماۋجۇشى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىنى قوبۇل قىلغان چاغدا مىنبىڭ شىلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇشقا چاقىردى.

9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە كۆكتوقاي، شىخو، قۇمۇل، باي قاتارلىق رايونلاردا ئەكسىيەتچى دىنىي كاتتىباشلار ۋە چارۋا ئىگىلىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتەردى. جايلار دەرھال قوراللىق خىزمەت دۈيلىرىنى تەشكىللەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدىلا 23 باندىتنى ئۆلتۈردى،

30 باندىتنى ئەسىرگە ئالدى، 260 باندىتنى تەسلىم قىلدى؛ 31 تال ھەرخىل قورال، 723 تۇياق ئاتنى غەنىيمەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، توپىلاڭ تىنجىتىلىپ ئاخىرلاشتى غالىب قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ «شىنجاڭ رايونىدا مىنبىڭ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات» نى قوشۇپ ھەمدە ئۇنى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتكوملارغا تەستىقلاپ تارقاتتى.

دوكلاتتا: ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون، بۇرۇن مىنبىڭ خىزمىتىدە ئاساسىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغىلى ئۇزۇن بولمىغاچقا، ھەربىي سەپتىن بوشىغان ھەربىيلەرمۇ كۆپ ئەمەس. شۇڭا، مىنبىڭ تەشكىللەش ئالدى بىلەن سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلۇپ، ئاندىن تەدرىجىي كېڭەيتىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. دوكلاتتا يەنە مىنبىڭلارنىڭ يېشى، شەرتى توغرىسىدىمۇ كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە باش سەنمۇ بۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىنبىڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، ئومۇمىي خەلق ئەسكەر

بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇنىڭدەك تېخنىك ئەسكەرلەر ۋە زاپاس ئەسكەرلەرنى تەربىيلەش قاتارلىق يەتتە مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىنبىڭ تەشكىللى قۇرۇش مەسىلىسىدە «جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرۈش، بىرىنچىدىن ئىمكانىيەتكە، ئىككىنچىدىن ئېھتىياجغا قاراش» پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى جۇجاڭلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، باش سەنمۇ بۇ چاقىرغان مىنبىڭ خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەستىقلاپ تارقاتقان «شىنجاڭ-دا مىنبىڭ تەشكىللى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات» نى يەتكۈزدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىلى ھەربىي رايونلىرىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىغىن ئېچىپ، يۇقىرىقى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەم ئىزچىللاشتۇر-دى. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە 126 مىڭدىن ئارتۇق مىنبىڭ تەشكىللەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 5690 كىشى تەلىم - تەر-بىيە ئالغان ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىر قىسىم تايانچ مىنبىڭلارغا

3330 تالدىن ئارتۇق پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر مىلتىقى ۋە قىسمەن ئوق - دورا سەپلەپ بېرىلگەن.

**11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە** پارتىيىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنى ۋۇچاڭدا ئۆتكۈزۈلدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يىغىندا «خەلق گۇڭشېسىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى. «قارار»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جاھانگىرلار دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاشقا پېتىنىدىكەن، بىز ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، مىنبىگلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى ھەر ۋاقىت تولۇقلاپ، تاجاۋۇزچىلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىدۇ»، «ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇشتا شەرت - شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن، تايانچ مىنبىگلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، ئادەتتىكى مىنبىگلارمۇ ئەمگەك ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا مۇۋاپىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم.»، «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى ئىچىدە مۇناسىپ ھالدا مىنبىگ تەشكىلى قۇرۇش كېرەك.»

## 1959 - يىل

يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «خەلق گۇڭشېسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»ىدىكى مىنبىڭ مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، خەلق گۇڭشېلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ھەم كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا مىنبىڭ تەشكىلى 12 ناھىيىدىن 32 ناھىيىگە كۆپەيدى. مىنبىڭ شىسىدىن 19ى، مىنبىڭ تۇەنىدىن 123ى، مىنبىڭ يىڭىدىن 485ى، مىنبىڭ لىيەنىدىن 2027 سى قۇرۇلدى. ئومۇمىي مىنبىڭ سانى 370 مىڭدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ مىنبىڭ 110 مىڭغا يەتتى. مىنبىڭلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ 6.3% نى ئىگىلىدى، 25 مىڭ مىنبىڭ تەلىم - تەربىيە ئالدى.

**3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-

تىيىسى مەركىزىي كومىتېتى باش سىياسىي
بۆلۈمىنىڭ «ئارمىيىنىڭ يەرلىك پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش
رەھبەرلىكىدە مىنبىڭ خىزمىتىنى ئاكتىپ ئىشلەش
توغرىسىدا يوليورۇق» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، «ئارمىيە
مىنبىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ئۆز ئىشى دەپ
قارىشى لازىم» دەپ تەكىتلىدى. گوڭشېلارنى تەرتىپكە
سېلىشقا بىرلەشتۈرگەن ھالدا، مىنبىڭلارنى ياخشى تەرتىپكە
سېلىشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى:
«بىر تۇەن ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى بىر ناھىيىنىڭ
مىنبىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى؛
بىر يىلىڭ بىر - ئىككى خەلق گوڭشېسىنىڭ مىنبىڭ تە-
لىم - تەربىيە خىزمىتىنى ھۆددىگە ئېلىشى؛ تارقاق
ئولتۇراقلاشقان ۋە چېگرىغا جايلاشقان فېندۇيلەر ئۆزى
تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئەتراپىدىكى مىنبىڭ تەلىم - تەربىيە-
سىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون
پارتكوم دائىمىي كومىتېتى ھەربىي رايون سىلىڭبۇسىنىڭ
3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يوللىغان ھەردەرىجىلىك
خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇش توغرى-
سىدىكى دوكلاتىغا قوشۇلدى ھەمدە شىنجاڭ بويىچە
بۇرۇن قۇرۇلغان ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرىنى خەلق
قوراللىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتكەندىن سىرت، خىزمەتنىڭ

ئېھتىياجىغا قاراپ، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى تەدرىجىي قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلكىبۇ سەپەرۋەرلىك باش قارمىسى (شتاتى 19 نەپەر بولۇپ، چوڭجاڭ بىر نەپەر، مۇئاۋىن چوڭجاڭ ئىككى نەپەر، سەنمۇ 16 نەپەر) قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىلى ھەربىي رايونىدا سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى، ئالتاي، تارباغاتاي، قۇمۇل، يەنجى، ئاقسۇ، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونلىرىدا ھەربىي خىزمەت بۆلۈمى قۇرۇلدى؛ 48 قوراللىق بۆلۈم قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا 211 ئادەم سەپلەپ بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ «مىنبىلىك خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» (يەنى مىنبىڭ خىزمىتىگە دائىر توققۇز ماددىلىق فاگجىن) نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: (1) نۆۋەتتىكى ئاساسلىق مەسىلە — پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ مىنبىڭلارنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىغا بولغان تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش كېرەك؛ (2) مىنبىڭ خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇلۇشى كېرەك، لېكىن، بۇ خىزمەتنىڭ

مۇھىم نۇقتىسى سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي جەھەتتىكى مەركىزىي رايونلارغا، مۇھىم زاۋۇت - كانلارغا، قاتناش تۈگۈنلىرىگە ۋە دېڭىز، قۇرۇقلۇق چېگرا مۇداپىئە رايونلىرىغا، شۇنداقلا دېڭىز بويىدىكى ئاراللارغا قارىتىلىشى لازىم. مۇھىم نۇقتا بىلەن ئادەتتىكى جايلارنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك. (3) ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — مىلىشىيەلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە قوماندانلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ سىياسىي بۆلۈمى — مىلىشىيەلەرنىڭ سىياسىي بۆلۈمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ تەشكىلىي شتاتىنى خىزمەت ۋەزىپىسىگە قاراپ ئۆزگەرتىش لازىم؛ (4) 1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بەش مىڭ كىشىلىك مەملىكەتلىك مىلىشىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلماقچى، يىغىن 10 كۈندەك داۋام قىلىدۇ؛ (5) مىلىشىيەلەرنىڭ تەربىيە ۋە تەلىم فاكۇلتېتىنى ھەربىي-سىياسىي خىزمەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم؛ (6) مىلىشىيە كادىرلىرى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. خەلق كوممۇنىلىرىغا ئادەتتە مىلىشىيە خىزمىتى ئىشلەيدىغان مەخسۇس كادىرلار سەپ-

لەپ بېرىلىشى، زاۋۇت، مەكتەپ، ئورگانلاردا پارتكوم مىنبىرلىك خىزمىتىنى مەخسۇس تۇتۇشقا ياكى قوشۇمچە تۇتۇشقا ئادەم بەلگىلىشى لازىم، «خەلق قوراللىق بۆلۈمى» ياكى «مىنبىرلار بۆلۈمى» قۇرۇش كېرەك؛ (7) ماۋجۇشى «تۆت ئادەمدە بىردىن قورال بولۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى. ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئېھتىياجىغا قاراپ، شۆبە ھەربىي رايونلاردا ۋە ئاساسلىق ناھىيىلەردە كىچىك تىپتىكى قورال - ياراق، ئوق - دورا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇپ چىقىشى لازىم؛ (8) ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، مىنبىرلىك كەسپىي خىراجىتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمىز. مىنبىرلار ۋە مىنبىرلىك كادىرلىرى تەلىم - تەربىيىگە ھەم يېغىنغا قاتناشقان مەزگىلىدە، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ھەم گۇڭپۇڭى تۇتۇپ قېلىنماسلىقى لازىم. (9) مىنبىرلىك قۇرۇلۇشىغا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىش ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر مىنبىرلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەرقايسى ئۆلكە، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردىمۇ شۇ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە (ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون پارتكوم ئەزالىرى قاتناشقان ھالدا)، مىنبىرلىك

خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ گۇرۇپپا ھەر يىلى بىر قانچە قېتىم يىغىن ئېچىپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىڭبۇسى «ئەسكەر چاقىرىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، قوشۇننى پاكلاشتۇرۇش، مىنبىڭ تەشكىلىنى كېڭەيتىش، مىنبىڭ كادىرلىرى ۋە تايانچ مىنبىڭلارنى تەكشۈرۈش ھەم تەربىيىلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇش تەلەپ قىلىندى.

12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ «گۇڭشېلارنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — مىنبىڭ كادىرلىرى ۋە تايانچ مىنبىڭلارنى تەكشۈرۈش ۋە تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى گۇڭشېلارنى

تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا يولۇققان زور مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا پارتكوملاردىن يوليورۇق سوراش لازىم.

## 1960 - يىل

1 - ئايىنىڭ 11 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە باش سەن-
مۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ مەملىكەتلىك مىنبىڭ
خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 513 كىشى قاتناشتى.
بۇ يىغىن جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى
ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىغىن ئاخىرلاشقاندا جۇزۇڭلى
يىغىنغا قاتناشقان كادىرلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە
يولىيورۇق بەردى. يىغىندا ئاساسلىقى مەركىزىي كومىتېت
1959 - يىل 12 - ئايدا تەستىقلاپ تارقاتقان مەركىزىي
ھەربىي كومىتېتىنىڭ «مىنبىڭ خىزمىتى ھەققىدىكى بىر
نەچچە مەسىلە توغرىسىدا يولىيورۇق سوراش دوكلاتى»
ئىزچىللاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى،
مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش سەنمۇبۇ بىلەن باش
سىياسىي بۇنىڭ «مەملىكەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى
توغرىسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلات»نى تەستىقلاپ
تارقاتتى. دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

1. ئېلىمىز ئىنقىلابىي مىنبىڭلارغا تايىنىپ قوز-
غالغانىدى، مىنبىڭ — ئومۇمىي خەلقنى قوراللاندۇرۇش-
نىڭ ئەڭ ياخشى تەشكىلىي شەكلى.

2. مىنبەرلەرنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىغا بولغان تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە ئۈستۈرگەندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ــ خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش مەسىلىسى. مىنبەرنىڭ خىزمىتى يەرلىك پارتكوملار-نىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگى-نىشلەرگە بويسۇنۇش ۋە ماسلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىل-غان ھالدا ئىشلىنىشى لازىم، مىنبەرنىڭ خىزمىتىنى ئۇقۇل ھالدا تەكىتلەشكە بولمايدۇ.

كۆپچىلىك ھەربىي كومىتېتنىڭ ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى-مىنبەرلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ھەم قوماندانلىق قىلىش-تىن ئىبارەت؛ بۇندىن كېيىن مىنبەرنىڭ خىزمىتىنى ئەس-تايىدىل تۇتۇش لازىم؛ ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ سىياسىي بۆ ۋە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى خىزمەتلەرنى مىنبەرنىڭ خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم؛ بولۇپمۇ دېگىنىز، قورۇقلۇق، چېگرا رايونلىرىدىكى ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايونلار مىنبەرنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىش-لىشى لازىم؛ بۇنداق قىلمىغاندا، چېگرا مۇداپىئە خىز-مىتىنى ھەرگىز ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، دېگەن

يولىيورۇقنى بىردەك ھىمايە قىلدى.

3. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار مەركەزلەشكەن رايونلارنىڭ، مۇھىم زاۋۇت - كانلارنىڭ، قاتناش تۈگۈنلىرىنىڭ، دېڭىز - قۇرۇقلۇق چېگرا مۇداپىئە رايونلىرىنىڭ شۇنىڭدەك دېڭىز بويىدىكى ئاراللارنىڭ ھەمدە نۇقتىلىق رايونلارنىڭ مىنىڭ خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، تايانچ مىنىڭلارنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مۇداپىئە تورىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇ ئۇلۇغ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر. مىنىڭ تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىشتا، مىنىڭلارنىڭ سانىنى ھازىرقى 180 مىليوندىن 240 مىليونغا يەتكۈزۈش، تايانچ مىنىڭلارنىڭ سانىنى ھازىرقى 50 مىليوندىن 80 مىليونغا يەتكۈزۈش لازىم. بۇنداق قىلىش تامامەن مۇمكىن ۋە زۆرۈر.

4. مىنىڭلارغا بولغان سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش، مىنىڭلارنىڭ سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۆز قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

5. ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ تەشكىلىي شتاتىنى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، تەد-

رىجىسى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا 1960 - يىل 1 - ئايدا باش سەنمۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ چاقىرغان مەملىكەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىنبىڭ خىزمىتى خۇلاسە قىلىندى، مىنبىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە ئائىت فاڭجېن، ۋەزىپىلەر بەلگىلەندى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ، ئالىي مەكتەپ ۋە زاۋۇت - كان پارتكوملىرىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى شىدىن يۇقىرى پارتكوملارنىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ، ھەربىي رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 205 كىشى قاتناشتى. ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى داۋېيدىن يۇقىرى پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. يى-

ىسىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى لۇجيەن-
رېن رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايون، ھەربىي
رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى،
شىن يۈەنلىن، ساۋدانوپ زاھىر قاتارلىقلار قاتناشتى
ھەم يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلە ئايدىڭ-
لاشتۇرۇلدى:

1. ئالدى بىلەن شىنجاڭدا مىلىشىيە تەشكىلىنىڭ
شەكلى ئارقىلىق، ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى ئىم-
كان قەدەر بالدۇر ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈلدى.

2. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى مىلىشىيە خىز-
مىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: 1960 - يىلى 1 مىليون
750 مىڭ مىلىشىيە تەشكىللەپ، مىلىشىيەلەرنىڭ سانىنى مى-
لىك يېشىدىكى ئاھالە سانىنىڭ 75% ىگە يەتكۈزۈش،
يەنى بۇرۇنقىسىنى قوشقاندا 2 مىليون 100 مىڭغا يەتكۈ-
زۈش، دەپ بەلگىلەندى. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئومۇ-
مىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى سان جەھەتتىن ئاساسەن
ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارالدى. 1960 - يىلى-
دىن 1962 - يىلىغىچە تايانچ مىلىشىيەلار ۋە مىلىشىيە كا-
دىرلىرىدىن 143 مىڭ 750 كىشىنى تەربىيىلەش قارار
قىلىندى.

3. ئاپتونوم رايونىمىزدا مىلىشىيە قۇرۇلۇشىنىڭ

مۇھىم ئۇقتىسى: شەھەرلەردە، زاۋۇت ـ كانلاردا، قاتناش تۈگۈنلىرىدە، چېگرا مۇداپىئە رايونلىرى (جەنۇبىي شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ)دا، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇ- لۇش بېكىتۇەنىدە ۋە ئىچكى ئامانلىقنى ساقلاشتا نۇق- تىلىق رايون ھېسابلىنىدىغان كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، چىڭگىل، بارىكۆل، شىخو، باي، چەرچەن، كونەس، توق- قۇزتارا ۋە چارقىلىق قاتارلىق جايلاردا تايانچ مىلىتىك خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەشتىن ئىبارەت، دەپ بەلگىلەندى.

4. مىلىتىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، مىلىتىك تەش- كىللەش داۋامىدا تەشۋىقات ـ تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھ- مىيەت بېرىش، بۆيرۇقۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتـ- كوم ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىز- نىڭ 1960 ـ يىللىق مىلىتىك تەشكىللىي قۇرۇلۇشى پىلانى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. «پىلان»دا مۇنۇلار تەلەپ قى- لىندى: 1960 ـ يىلى مىلىتىكلارنىڭ سانى 2 مىليون 100 مىڭغا، بۇنىڭدىن ئەر تايانچ مىلىتىكلارنىڭ سانىنى 500 مىڭغا يەتكۈزۈش، مىلىتىك سانى 5000 دىن ئاشقان ئورۇنلاردا مىلىتىك شىسى قۇرۇش، 5000 غا يەتمەيدىغان ئورۇنلاردا مىلىتىك تۇەنى

قۇرۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندە ۋە يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا 1960 - يىلى مىنبىڭ خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلاردا ئالدى بىلەن تايانچ مىنبىڭ تەشكىللەپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن مىنبىڭلارنى ئومۇ- مىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

1960 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇش كېرەك.

1960 - يىل 6 - ئايدا بۇخارېست سۆھبىتىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياماللاش- تۇرۇپ، جۇڭگوغا بېسىم ئىشلەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا ماۋجۇشى: ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاز - تولا دىجورنىي قىسىم قۇرۇشى لازىم، دەپ يوليورۇق بەردى. ھەربىي كومىتېت بىڭتۇەنگە 96 لیەنگە يەتكۈ- دەك قورال - جابدۇق بېرىپ، بىڭتۇەننىڭ قوراللىق كۈچ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي

رايونى ئاما نلىق ساقلاش يىغىنى چاقىرىپ، ئىشلەپچىـ
قىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى مەركەز قىلغان ھالدا
تايانچ مىنبىك تەلىم - تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە قاـ
نات يايدۇرۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپ قىسىم يېزا
ئىگىلىك شىلىرىنىڭ سىياسىي بۆلىرىدا مىنبىك ئىشـ
خانىسى قۇرۇلدى، ئۇلار مىنبىكلارنىڭ كەسپىي خىزمىتىـ
نى ئىشلىدى.

1960 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم راـ
يونلۇق پارتكوم شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىكبۇسىنىڭ
«تايانچ مىنبىكلارنى قورااللاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسـ
دىكى دوكلات» نى تەستىقلىدى ھەمدە 40 تايانچ
مىنبىك يىگىنى قورااللاندۇرۇش پىكرىگە قوشۇلدى.
قورااللاندۇرۇش پرىنسىپى جەھەتتە: ئالدى بىلەن شەـ
ھەرلەر، قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە تۆمۈريول لىنىيىلىرىدىـ
كى كۆۋرۈكلەرگە جايلاشقان مىنبىكلارنى، ئاندىن يېزىلارـ
دىكى مىنبىكلارنى؛ ئالدى بىلەن چوڭ تىپتىكى مۇھىم
زاۋۇت - كان، كارخانىلارغا جايلاشقان مىنبىكلارنى،
ئاندىن ئادەتتىكى زاۋۇت - كانلارغا جايلاشقان مىنبىكـ
لارنى؛ ئالدى بىلەن مۇھىم تارماقلاردىكى مىنبىكلارنى،
ئاندىن ئادەتتىكى تارماقلاردىكى مىنبىكلارنى قورااللانـ
دۇرۇش قارار قىلىندى. قورااللاندۇرۇش قەدەم باسقۇچى
جەھەتتە: بىرىنچى تۈركۈمدە 12 يىلىڭ، ئۈچ لىيەننى قورالـ

لانىدۇرۇش، يەنى قاراماي، مايتاغ، 1 ـ ئاۋغۇست پولات زاۋۇتى، ئۆكتەبر تىراكتور زاۋۇتىدىن ئىككىدىن يىگى نى؛ تۆمۈر يول ئىدارىسى، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانى سى، ھەربىي رايون پولات زاۋۇتى، ھەربىي رايون قۇ رۇلۇش ئەترىتىدىن بىردىن يىگنى؛ رادىئو ئىستانسىسى، ئۇلانباي ئېلېكتر ئىستانسىسى، ھەربىي رايون پەرزەنت لەر مەكتىپىدىن بىردىن ليەننى 9 ـ ئايغىچە قوراللاند ـ دۇرۇپ بولۇش بەلگىلەندى. ئىككىنچى تۈركۈمدە تۆمۈريول ئىدارىسى، سانجى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلار؛ ئۈچىنـ چى تۈركۈمدە ئۈرۈمچىدىكى باشقا ئورۇنلار ۋە قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەنجى، قۇمۇل، كورلا قاتارلىق جايلار قوراللاندۇرۇلماقچى بولدى.

1960 ـ يىلى شىنجاڭ مىلىتسىلىرى 88 ناھىيە (شەھەر، رايون) گە كېڭەيدى، ئومۇمىي مىلىتسىلار سانى 1 مىليون 741 مىڭدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ مىلىتسىيە 689 مىڭدىن ئاشتى. ئومۇمىي مىلىتسىيە سانى ئاپـ تونوم رايونىمىز ئاھالە سانىنىڭ 27% نى تەشكىل قىلدى. بۇ مىلىتسىيەلار 95 شى، 532 تۇەن، 2462 يىڭ ۋە 9846 ليەن قىلىپ تەشكىللەندى. 7000 دىن ئارتۇق مىلىتسىيە كادىرى، 101 مىڭدىن ئارتۇق تايانچ مىلىتسىيە، 13 مىڭ 600 دىن ئارتۇق تېخنىك ئەسكەر تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى.

## 1961 - يىل

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلەشمە بۇيرۇق چىقىرىپ: 1960 - يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىنبىڭ تەشكىلىنى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدە ۋە 38 ناھىيە (رايون) دە خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇشنى، سابىق كورلا ۋىلايەتلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلۇپ بولدى، ئۇنىڭغا 780 نەپەر رەسمىي ھەربىي كادىر سەپلەپ بېرىلدى.

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «ھەربىي كومىتېتنىڭ ‹ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ ئوبدان خىزمەت ئەترىتى بولۇشى توغرىسىدا يوليورۇق› نى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» ىدا: ھەربىي كومىتېت ئالدىنقى يېرىم يىلدا مىنبىڭ تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ

بارماسلىقنى، بۇ يىل ئاساسەن ئەسكەر چاقىرماسلىقنى، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار يېزا ئىگىلىكىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى؛ ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلار كادىرلىرىنىڭ 80% نى ئاجرىتىپ ئوبدان خىزمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىشنى، مىنبەك خىزمىتىنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سەپىنى كۈچەيتىشكە بىرلەشتۈرۈپ ئوبدان ئىشلەش لازىملىقىنى قارار قىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ھەربىي رايون بويىچە 760 نەپەر كادىر يېزىغا چۈشكەن. شۇ كۈنى ھەر- بىي رايون تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ھەربىي كومىتېت ئىش بېجىرىش يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چاقىر- غان 3 ـ قېتىملىق تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈز- دى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

يىغىندا نۆۋەتتىكى مىنبەك خىزمىتىدە ئاساسلىقى مۇنداق بەش مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىش تەلەپ قىلىندى: (1) نۆۋەتتىكى مۇھىم نۇقتا مىنبەكلەرنى كۆ- پەيتىش ئەمەس، بەلكى مۇستەھكەملەش، پاكلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ (2) يېزىلاردىكى ئىس- تىل تۈزىتىش ـ گوڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىنبەك تەشكىلىنى بىر قېتىم ئۇزۇل ـ كې- سىل تەرتىپكە سېلىش؛ (3) مىنبەك قوراللىرىنى بىر قېتىم تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىش؛ (4) مىنبەكلەرنى ئىشلى-

تىش دائىرىسىنى قاتتىق كونترول قىلىش؛ (5) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ 1960 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تارقاتقان ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ شتات پرىنسىپى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىنبىڭ قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەربىي رايون جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى ۋە شۆبە ھەربىي رايون ئورگانلىرىنىڭ كىچىكەيتىلگەن تەشكىلىي شتاتىنى ئىلان قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايوندا توپچى قىسىملار باشقارمىسى، سايپىور قىسىملىرى باشقارمىسى، خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش باشقارمىسى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىلى ھەربىي رايوندا ئالاھىدە ئەسكەرلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىندى؛ شۆبە ھەربىي رايونلاردا سەنمۇلار بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ھەربىي خىزمەت بۆلۈمى ۋە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ شتاتى كىچىكەيتىلىپ سىلىكبۇ، سىياسىي بۇۋە ئارقا سەپ بۇسى قۇرۇلدى. سىلىكبۇغا ئۇرۇش بۆلۈمى، تەلىم - تەربىيە بۆلۈمى، خەۋەر - ئالاقە، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى،مىنبىڭ تەشكىللەش بۆلۈمى، ئالاھىدە

ئەسكەرلەر بۆلۈمى، مەخپىي ئىشلار بۆلۈمى ۋە باشقۇرۇش بۆلۈمى قارايدىغان بولدى. لورۇڭخوەن يۆەنشۈينىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، مىنبىڭلارغا بولغان تەشۋىقات ـ تەربىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سىياسىي بۆلارغا بىردىن كىنو ئاپپاراتى بېرىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى «مىنبىڭ خىزمىتى مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. (دوكلاتتا ھەربىي كومىتېت ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى بەش تۈرلۈك يوليورۇقى، يەنى نۆۋەتتىكى مىنبىڭ خىزمىتىدە ئاساسلىقى بەش مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى).

ئاپتونوم رايون بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي كومىتېتنىڭ مەركىزىي كومىتېت تەستىقلاپ تارقاتقان نۆۋەتتىكى مىنبىڭ خىزمىتىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى تېزدىن ھەل قىلىشقا ئائىت بەش تۈرلۈك يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، جايلاردىن مىنبىڭ قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1961 ـ يىلى 6 ـ ئايغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئاساسەن

ئاخىرلاشقان ئورۇنلار 60.8% نى، تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان ئورۇنلار 9.7% نى تەشكىل قىلغان. شۇ يىلى 45 مىڭ 834 دانە مىنبىڭ قورالى تەكشۈرۈلۈپ، ناھىيە، تۆۋەن - مەيداندىن يۇقىرى ئورۇنلارغا يىغىپ ساقلاندى. بۇرۇن جايلارنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن 40 تايانچ مىنبىڭ يىگىتىغا تارقىتىپ بېرىلگەن قوراللار ۋە 1958 - يىلىدىكى باندىت تازىلاش ۋاقتىدا قوراللىق ئەترەتكە تارقىتىپ بېرىلگەن قوراللارنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىندى.

**2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى** شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىڭبۇسى تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش يۈزىسىدىن يىغىن ئاچتى. يىغىندا قۇتۇبى ناھىيىسى سەكرەپ ئىلگىرىلەش گۇڭشېسىنىڭ قىزىل نۇر دادۈي مىنبىڭ لىيەنى سىلىڭبۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالاقە نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى. سىلىڭبۇنىڭ ھەرقايسى باشقارمىسىدىن ئادەم ئاجرىتىلىپ، ئالاقە نۇقتىسىغا ئەۋەتىلدى، ھەربىر تۈركۈمدە 11 ئادەم باردى، ئۇلار ئايدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلدى، بۇ ئۇسۇل بىر يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتۇرۇلدى.

**3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى** شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىڭبۇسى پارتكومىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە دىجورنى قىسىم ۋە مىنبىڭ تەشكىلىي قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات» ىدا: دىجورنى فېندۈي مەركەزلەش-

كەن، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان دائىمىي قورال-
لىق كۈچ، بىر دەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، ئالدى بىلەن
شۇلارنى ئىشلىتىش لازىم؛ ئۇنىڭدىن سىرت، مىنبىڭلىق
شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياشلارۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى
ئايرىم - ئايرىم هالدا تاياتچ مىنبىڭ ۋە ئادەتتىكى
مىنبىڭ قىلىپ تەشكىللەش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى
بىلەن شىنجاڭ هەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ 1961 -
يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى «مىنبىڭلارغا قارىتىلغان
تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا
پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت هەربىي
كومىتېتىنىڭ «خەلق گوڭشېلىرىغا كەسپىي خەلق قورال-
لىق كادىرلىرىنى سەپلەپ بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە»
سىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. بەلگىلىمىدە: خەلق گوڭشې-
لىرىگە ئومۇميۈزلۈك هالدا كەسپىي خەلق قورال-لىق
كادىرلىرىنى سەپلەپ بېرىش ھەمدە بۇ خىزمەتنى
يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇش ئوتتۇرىغا
قويۇلدى، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە سەپلىنىدىغان
كەسپىي كادىرلارنى تاللاش پرىنسىپى، ئۇلارنىڭ رەھ-

بەرلىك مۇناسىۋىتى، خىزمەت مەسئۇلىيىتى، ئۇلارغا بولغان مۇئامىلە قاتارلىقلار ئېنىق كۆرسىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بۇيرۇق ئارقىلىق ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونىنى قۇردى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ «خەلق گۇڭشېلىرىغا كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرلىرىنى سەپلەپ بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. بەلگىلىمىدە: گۇڭشېغا ئادەتتە بىر نەپەردىن، قوراللىق بۆلۈم تەسىس قىلىنمىغان شەھەرگە قاراشلىق رايونلارغا 1 - 2 نەپەردىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 2000 دىن ئارتۇق بولغان 5000 غا يەتمەيدىغان زاۋۇت - كانلارغا ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا بىر نەپەردىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 5000 دىن ئارتۇق بولغان 10 مىڭغا يەتمەيدىغان ئورۇنلارغا ئىككى نەپەردىن، 10 مىڭدىن ئاشىدىغان ئورۇنلارغا 2 - 3 نەپەردىن كەسپىي قوراللىق كادىر سەپلەپ بېرىش؛ بىڭتۈەن سىستېمىسىدا كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشىنى بىڭتۈەننىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش چارىسى بويىچە ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن «مىنبىڭ خىزمىتى نىزامىنى ئېلان قىلىش ۋە ھەر دەرىجىلىك مىنبىڭ خىزمىتى گۇرۇپپىسىنى خەلق قوراللىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. 1952 - يىلى ئېلان قىلىنغان «مىنبىڭ تەشكىلىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» ئاساسىدا ئەمەلىي تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، «مىنبىڭ خىزمىتى نىزامى» تۈزۈپ چىقىلدى. نىزام يەتتە باب، 30 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا مىنبىڭلارنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، تەشكىللىنىشى، كادىرلىرى، قورال - ياراقلىرى، ھەربىي-سىياسىي تەلىم - تەربىيىسى، شۇنداقلا رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاقىدار مەسىلىلەر خېلى كونكرېت ۋە تولۇق بەلگىلەندى.

2. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ھەربىي كومىتېتتا خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مىنبىڭ خىزمىتى گۇرۇپپىسىنى خەلق قوراللىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۇڭشې پارتكومى ۋە چوڭ تىپتىكى زاۋۇت، كان دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئاستىدا خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇش قارار قىلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، نىزامدا مىنبىڭ تەشكىلىي ھەر-

بىي تـەشكىل، تەلىم ـ تەربىيە تەشكىلى، تـەنتەربىـيە تـەشكىلى (ئەمگەك تەشكىلى ئەمەس)، ھەر دەرىجىلىك مىنبىلك تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئىشلەپچىـقىرىش تەشكىلىدىن ئايرىم بولۇشى لازىم. مىنبىڭ تەشـكىلى بىلـەن ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

يېزىلاردا: ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مىنبىڭ تـەشكىلى شۇ جايدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ئـەھـۋالى ۋە ئاممىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسىگەقاراپ، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا قـۇرۇلۇشى لازىم، دەپ ئېنىق كۆرسـىتىلدى.

# 1962 - يىل

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىڭبۇ پارتكومى باش سەنمۇ بۆلۈمنىڭ يولىيورۇقى ۋە ھەربىي رايونىنىڭ «1961 — 1963 - يىللىق مىنبىڭ خىزمىتى پىلانى» غا ئاساسەن، تاسادىپى ۋەقەلەردىن ساقلىنىش، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قىسمىنى كېڭەيتىپ تەشكىللەش ۋە يېڭىدىن تەشكىللەش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ھەربىي رايونلاردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: تايانچ مىنبىڭلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ھەربىي سەپتىن بوشىغان ۋە چېكىنگەن ھەربىيلەرنى تايانچ قىلىپ، 1963-يىلى ئىككى تايانچ مىنبىڭ شىسىنىڭ 14 يىڭ، ئۇن تۇەنىنى تەشكىللەش خىزمىتىنى، يەنى پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنىدىن سەككىزنى، توپچىلار تۇەنىدىن ئىككىنى، توپچىلار يىڭىدىن بىرنى، خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش يىڭىدىن بىرنى، سەھىيە يىڭىدىن تۆتنى، خەۋەر-ئالاقە يىڭىدىن ئۈچنى، قورۇلۇش يىڭىدىن ئىككىنى، پىيادە ئەسكەرلەر يىڭىدىن ئۈچنى تەشكىللەش خىزمىتىنى

ئورۇنلاپ بولۇش كېرەك. تايانچ مەنبىلىك شىمىنىڭ ئەسكەرلىرى 16 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ئەر تايانچ مەنبىلار ئاساس قىلىنغان هالدا تەشكىللىنىشى لازىم. ھەربىي سەپتىن بوشىغان ۋە چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ يېشى 35 ياشقىچە بولسىمۇ بولىدۇ. سەھىيە، خەۋەر ـ ئالاقە يىگىلىرىغا ئاز ـ تولا ئايال تايانچ مەنبىلار قوبۇل قىلىنىشى لازىم. بۇ ئىككى شىنىڭ ئومۇمىي شىتاتىدا 42 مىڭ 777 نەپەر مەنبىڭ بولىدۇ. كونكرېت ئۇسۇل جەھەتتە، بۇ ئىككى تايانچ مەنبىڭ شىسى ئادەتتە ئايرىم تەشكىللەنمەيدۇ، ھەربىي رايوننىڭ پىلانىغا ئاساسەن، قايسى شۆبە ھەربىي رايون ۋە قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ قانچىلىك پىيادە ئەسكەر، قانچىلىك تېخنىك ئەسكەر چىقىرىدىغانلىقى بېكىتىپ بېرىلىدۇ، ئادەملەر ئالدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ، يىڭ، لىيەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى ئالدىن بېكىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، پىلانلىق ھالدا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇرۇلىدۇ. بۇ لايىھە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سەپەرۋەر قىلىشنىڭ لايىھىسى قىلىنىدۇ.

ئىككى تايانچ مەنبىڭ شىسى قۇرۇش ــ شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى

I ـ سەپەرۋەرلىك پىلانىدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ئىلى،
تارباغاتايدىكى چېگرا خەلقى ئارىسىدا چەتكە قېچىش
ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكتىن مىنىڭ تەشكىلى ئەمەلىيـ
لەشەي، بۇ پىلان ئىزچىللاشتۇرۇلمىدى.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۇ ـ
رۇمچى شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، تىيانشان رايونلۇق ۋە سايباغ رايونلۇق
خەلق قوراللىق بۆلۈمى (شتاتى 5 ـ 6 بولدى) قۇرۇشنى
قارار قىلدى. يېڭىشەھەر، تۇدۇڭخابا، شىمىگۇ رايونلىـ
رىنىڭ ئاھالىسى ئاز بولغاچقا، خەلق قوراللىق بۆلۈمى
قۇرماي، ھەربىر رايونغا بىردىن قوراللىق خادىم (يېڭىـ
شەھەر رايونىغا ئىككى نەپەر) قويۇش قارار قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنـ
جاڭدا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتىدىكى خادىملار تارباغاتاي،
چاغانتوقاي ۋە قورغاس قاتارلىق ناھىيىلەردىن نەچچە
ئون مىڭ پۇقرانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشقا قۇتـ
راتتى. 26 ـ كۈنى، ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ـ
قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ئۈچ كۈن ئىچىدە 25 دىجورنى
لىيەن تەشكىللەپ، ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا بېرىپ، پارـ
تىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالـ
لەتلىك قىلىش، چېگرىنى قامال قىلىپ، چېگرا خەلـ

قىنىڭ چەتكە قېچىشىنى توسۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئىش-
لەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بۇ ۋەزىپىنى بەلگى-
لەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاپ بولدى. ئۇلار كېيىن
يەنە 10 لىيەن تەشكىللەپ چېگرىغا ئەۋەتىپ، چەتكە
تۆتىشىدىغان يوللارنى قامال قىلىپ، چېگرا خەلقىنىڭ
چەتكە قېچىشىنى ئۈنۈملۈك توسىدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىدا
توپىلاڭ پەيدا قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
بىڭتۈەنى بۇيرۇققا بىنائەن، قوراللىق مىنبىڭ لىيەنلىرى-
نى چىقىرىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ
تەرتىپ ساقلىشىغا ياردەملەشتى، چەتكە قاچقانلارنى
توسۇش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئوبلاستلىق پارتكوم
رەھبەرلىرىنىڭ ۋە قاتناش خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلى-
كىنى قوغدىدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قا-
راماي شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنى ئايرىم -
ئايرىم ھالدا قاراماي شەھەرلىك كان ئىشلار ئىدارىسى
خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى
خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىشنى؛ ئۇنىڭدىن باشقا،
كۆكتوقاي كان ئىشلار ئىدارىسى خەلق قوراللىق بۆلۈمى
قۇرۇشنى قارار قىلدى.

6 - ئايدا ھەربىي كومىتېت «شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بۇ يىل دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە، ئادىمى ۋە قورال - جابدۇقلىرى تولۇق بولغان 150 لىيەن تەشكىللەپ، ئەھۋالغا ھەم ئېھتىياجىغا قاراپ، كۆزلۈك يىغىمىدىن كېيىن رايونلار بويىچە يىغىلىپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغاچ، بۇيرۇق كۈتۈشى لازىم» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭ گۇاڭجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مەسئۇللىرىغا: «مېنىڭ خىزمىتىمدە تەشكىللىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم؛ مىنىڭ قوراللىرىنى ئوبدان رېمونت قىلىش كېرەك، ئاسماندىن چۈشكەن، يەر ئاستىدىن چىققان دۈشمەنلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشتا ئاز - تولا چارە بولۇش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بالغۇنتاي خەلق قوراللىق بۆلۈمى (بالغۇنتاي كان رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى) نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خېجىڭ 5 - رايون (چارۋىچىلىق رايونى) خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تېلېگراممىدا ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە 1962 - ۋە 1963 - يىللىرى ئىچىدە 300 مىنىڭ دېھقان-نى لىيەنى تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى ھەمدە دېھقانچىلىق لىيەنلەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدۇ، ئۇ-نىڭ ئەسكەرلىرى بەن، پەي، لىيەن بويىچە دائىمىي قو-راللار بىلەن قوراللىنىدۇ، ئۇلار ھەر دەرىجىلىك سى-ياسىي بۆلۈمنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشكى-لىي شتاتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا يىگىدىن ئاشمايدۇ. جەڭ ۋەزىپىسى چۈشكەندە ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتا-بى قۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىڭتۇەنگە 850 كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە يىگىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار 350 نەپەر) شتاتى ۋە 30 مىليون يۈەن بېرىپ، قوراللىق كۈچلەر ئاپپاراتى ۋە دې-ھقانچىلىق فوندىلىرىنى كۆچەيتتى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ، سانجى ۋە بۆرتالا ئاپتونوم ئوبلاستىدا شۆبە ھەربىي رايون قۇرۇشنى قارار قىلدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ماۋجۇشى مىنىڭ خىزمىتىدە

«ئۇچىنچى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى.

10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونسىلىنچبۇسى بىلەن ئارقا سەپ بۇسىنىڭ ھەر قايسى باشقارمىلىرى ئارمىيە بويىچە بىر ايككە كەلگەن شىتاتقا ئاساسەن بۇغا ئۆز- گەرتىلدى. باش سىياسىي بۇنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىسىدا، 44 كىشى بۇجاڭ ۋە مۇئاۋىن بۇجاڭلىققا تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باش سەنمۇ بۇ «شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشى بىڭتۇەنىدە دىجورنى ليەنلەرنى تەشكىللەش ۋە قوراللاندۇرۇش قا- تارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىپ، دى- جورنى قىسىملارنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، باشقۇرۇ- لۇشى، قورال - جابدۇقى، تەلىم - تەربىيىسى ۋە خىرا- جىتى قاتارلىق بىر تۈتاش مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئايى- دىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھىندىستان قوشۇنلىرى ئېلىمىزگە كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ھۇجۇم قوزغىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مىنبىڭلىرى قىسىملارنىڭ جەڭ ھەرىكىتىگە پائال ياردەم بېرىپ يول ياسىدى، ئالدىن- قى سەپكە ياردەم بېرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى زەربى-

دارلىق بىلەن توشىدى، يارىدارلارنى قۇتقۇزدى،ئەسىر-لەرنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى.شۇنداق قىلىپ، غەربىي سەپ-تىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭى-نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا زور تۆھپە قوشتى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ غەربىي رايونى ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونلۇق، تۇدۇڭخابا رايونلۇق، شىخو رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى (شتاتىدا 2 - 3 ئادەم) قورۇش توغرىسىدا يوليورۇق چۈشۈردى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە باش سەنمۇ-بۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ چېگىدۇدا ئاز سانلىق مىللەت-لەر رايونلىرىنىڭ مىلىك خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا مىلىك خىز-مىتىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

## 1963 - يىل

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى «چېگرا مۇداپىئە رايونلىرىدىكى 1963 - يىللىق سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى»نى تارقىتىپ، چېگرا مۇداپىئە كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، چېگرىنى قاتتىق قامال قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، بىڭتۇەننىڭ قوراللىق كۈچ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇپ، چېگرا بىرىنچى سەپكە كەلگەنلەر ئارىسىدىكى سىياسىي بولۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى مىليتسىيە تەشكىللىگەن قاتناشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇش؛ چېگرا رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يەرلىك مىلىتسىيەلەرنىڭ خىزمىتىنى پائال ھەم سالماقلىق بىلەن ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە رايونلىرىدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرى، بىڭتۇەننىڭ دىۋىزىيە، تۈەنلىرى ۋە يەرلىك مىلىتسىيەلاردىن ئىبارەت

تۆت خىل قوراللىق كۈچنى تايانچ، ئاممىنى ئاساس قىلىپ، ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى يولغا قويۇشنى؛ چېگرا رايوندىكى ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى قارار قىلدى. چېگرا مۇداپىئە رايوندىكى شۆبە ھەربىي رايونلاردىن ئالدى بىلەن ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى بويىچە سىناق نۇقتىسىدىن بىرنى تۇتۇپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، تەدرىجىي كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش سەنمۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مىنبىلىك خىزمىتى يىغىنى توغرىسىدا دوكلات»ىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي روھى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مىنبىلىك قۇرۇلۇشىغا قارىتا توغرا تونۇشتا بولۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى چېگرىغا ۋە ئارقا سەپكە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئۇ جايلاردا كۆرەش ئۇزۇن مۇددەت، جاپالىق ۋە چىگىش بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ رايونلاردا چېگرىنى قوغداش ۋە ستراتېگىيىلىك ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەشتە

مىنبەگلارنىڭ رولى تېخىمۇ مۇھىم. مىللەتلەر ۋە رايون-
لارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغاچقا، خىزمەتنىڭ
قەدەم باسقۇچى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە بەزى ئوخ-
شىماسلىقلار بولۇشى مۇمكىن، بۇنى دەپ، مىنبەگ تۈزۈ-
مىدىن ۋە پارتىيىنىڭ ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش فاڭ-
جېنىدىن ئىككىلىنىشكە ياكى تەۋرىنىشكە ھەرگىز
بولمايدۇ.

2. ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا مىنبەگ تەش-
كىللەش خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ سالماقلىق بىلەن ئىل-
گىرلەش فاڭجېنى بويىچە، مىللىي خىزمەتنى ئاساس،
چېگرا رايوننى قوغداش ۋە ستراتېگىيىلىك ئارقا سەپنى
مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، شۇ جاينىڭ شا-
رائىتىغا قاراپ، نۇقتىلىق، سالماقلىق بىلەن تەدرىجىي
ئېلىپ بېرىش لازىم. ئوخشىمىغان رايونلارغا پەرقلىق
مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مىنبەگ خىزمىتىنى ئامىنىڭ
جانىجان مەنپەئەتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەش، ئىش-
لىگەندىمۇ ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش، ئالدىراقسانلىق-
تىن ساقلىنىش لازىم.

3. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا مىنبەگ
تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاساسلىقى، سىياسىي سۈپەتنى
تەكىتلەش، ياش - قۇرامى، سالامەتلىك شەرتلىرىنى
كەڭرەك قويۇۋېتىش، نوقۇل ھالدا سان قوغلىشىپ، ئا-
ھالە نىسبىتى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەپ تۇرۇ-

ۋالماي، ۋاقىتنى ئۇزۇنراق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپ-تىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن مۇستەھكەملەش لازىم. مىنبىڭلارنىڭ تەشكىلىي شتاتىنى ئاددىي قىلىشقا بولىدۇكى، مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مىنبىڭلار-نى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-لىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئۇسۇل-لىرىنى ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك لازىم. تايانچ مىنبىڭ ۋە ئاددىيتىكى مىنبىڭ دەپ ئايرىش - ئايرى-ماسلىقنى ئاممىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە كونكرېت ئەھ-ۋالىغا قاراپ بېكىتىش لازىم. بىردەك بولۇشقا زورۇق-ماسلىق كېرەك.

4. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا مىنبىڭ تەشكىلىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش قايتا - قايتا تەكرارلىنىدىغان جاپالىق تەربى-يە جەريانىدۇر. شۇڭلاشقا، سىياسىي تەربىيىنى ئاساس قىلىشنى ئۇزۇن مۇددەتلىك فاڭجېن قىلىش، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى ئازراق ئېلىپ بېرىش كېرەك.

5. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش— ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مىنبىڭ خىزمىتىنى قا-نات يايدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا، بۇ خىزمەتكە ناھا-يىتى ئېتىبارلىق قاراپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى-نى قىسقا ۋاقىتلىق يىغىپ تەربىيىلەش ياكى يەرلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، مىللەتلەر شۆيۈەنلىرىگە ئەۋەتىپ

تەربىيىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، پائال يېتىشتۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئېتىبار بېرىپ، خىزمەتتە ئۇلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنى دادىل ئىشلىتىپ قويۇش، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە غەمخورلۇق قىلىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان خەنزۇ كادىرلارمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى ئۆز ئائىلىسى دەپ قاراپ، ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى، شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىشى لازىم.

6. مىنبەلەرگە قورال تارقاتقاندا ۋە ئۇلاردىن قورالنى يىغىۋالغاندا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم.

7. ھەربىي رايونلار، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى شۆبە ھەربىي رايونلار مىنبەلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى، ئاساسىي زېھنىنى مىنبەلىك خىزمىتىگە قارىتىشى لازىم. قىسىم كۆپ ئورۇنلاشقان جايلار مىنبەلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا تازا پايدىلىق شارائىتقا

ئىكە، قىسىملار جەڭ قىلغۇچى ئەترەت ۋە خىزمەت ئەت-
رىتى بولۇشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى تولۇقجارى قىلا-
دۇرۇپ، پىلانلىق ھالدا خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ،
يەرلىكنىڭ مىنبىلك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يار-
دەملىشىشى لازىم.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسى يىغىن ئېچىپ، ھەربىي را-
يونىنىڭ باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ چاقىرغان ئاز
سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى مىنبىلك خىزمىتى يىغىنى-
نىڭ روھىنى يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلى-
دى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىنبىلك خىزمىتىگە
ئائىت ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىل-
دى. شۇ ئاينىڭ 18 - كۈنى، «مىنبىلك خىزمىتى توغرى-
سىدىكى مۇزاكىرە خاتىرىسى» تارقىتىلدى ۋە جايلاردىن
بۇ «خاتىرە» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش تە-
لەپ قىلىندى. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

1. مىنبىلك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش شىنجاڭدا نا-
ھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەر دەرىجىلىك پارت-
كوملار مىنبىلك خىزمىتىنى چوقۇم مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى
لازىم. شىنجاڭدا مىنبىلك تەشكىللەش شارائىتى ھازىر-
لاندى، كۆپ ساندىكى خەلق ئامىمىسىغا ئىشىنىش
لازىم.

2. ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى كۆپ مىنبىڭ تەشكىلى قۇرۇلدى، بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش ۋە ئۆستۈرۈش لازىم.

3. مىنبىڭلارنىڭ، بولۇپمۇ تايانچ مىنبىڭلارنىڭ تەركىب جەھەتتە پاك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مىنبىڭلارغا قورال تارقىتىش مەسىلىسىنى ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلەش، تارقاتقاندىمۇ ھەقىقىي ئىشەنچلىك كىشىلەرگە تارقىتىش لازىم. ئىشەنچسىز كىشىلەرگە ھەرگىز قورال تۇتقۇزماسلىق كېرەك. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قوراللارنى يىغىۋالماي، ئۇلارنىڭ ئۆز قورالىنى ئېلىپ مىنبىڭ تەشكىلىگە كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

4. مىنبىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم.

يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇشى كېرەك (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ ئەسلىدىكى مىنبىڭ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى بىر دەك خەلق قوراللىق كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ)، بۇ كومىتېتلار پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىنبىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قوراللىق كومىتېتى

سەيپىدىن ئەزىزى، لۇجيەنرېن، جاڭ شىچېن قاتارلىق 19 يولداشتىن تەركىب تاپىدۇ. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى مۇدىر، يولداش لۇجيەنرېن، جاڭ شىچېن مۇئاۋىن مۇدىر بولىدۇ. گۇڭشې پارتكوملىرىدىمۇ خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇلۇشى ھەمدە گۇڭشېلەرگە بىردىن كەسپىي قوراللىق كادىر سەپلەپ بېرىلىپ، مىنبىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنىشى لازىم. چېگرا رايونلاردىكى ۋە مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدىكى گۇڭشېلەرگە كەسپىي قوراللىق كادىرلار ئالدى بىلەن سەپلەپ بېرىلىشى لازىم، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ھەربىي رايون (شۆبە ھەربىي رايون) مەسئۇل بولىدۇ.

5. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتى — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىنبىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئۇنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىڭتۇەن 300 مىنبىڭ دىۋىزىيىسى قۇرۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇشى ھەمدە بۇ دىۋىزىيەلەر شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

**4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە**

شىنجاڭ ھەربىي رايونى مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا، ئاساسلىقى، ھەربىي كومىتېتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى

نىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مىنبىنىڭ
خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلدى
ھەمدە نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مىنبەگلىرى قۇرۇلۇشىغا دائىر
ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى
«ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە
تەرجىمان سەپلەپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا» ئۇقـ
تۇرۇش تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: شىنجاڭدا ناھىيىلىك،
شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى كېيىنرەك قۇرۇلـ
دى. ئۇنىڭ كادىرلىرى يېڭى، ئاز سانلىق مىللەتلەرـ
نىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلىۋېلىش مەسىـ
لىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولـ
مايدۇ. شۇڭا، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ئۈچۈن، قوراللـ
لىق بۆلۈملەرگە تەرجىمان سەپلەپ بېرىش زۆرۈر دەپ
كۆرسىتىلدى ھەمدە خەلق قوراللىق كادىرلىرىدىن ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى پائال ئۆگىنىش
تەلەپ قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «سوتـ
سىيالىستىك تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ مىنبىنىڭ خىزـ
مىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكـ

لاتەننى تەستىقلاپ تارقىتىپ، جايلاردىن مىنبىلىك خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىشنى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دوكلاتتا، ئاساسلىقى، مىنبىگلارغا قارىتىلغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، سىنىپىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىنبىك قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش؛ مىنبىك خىزمىتىدە تەشكىلىي، سىياسىي، ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىنبىگلارنىڭ سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت داۋامىدىكى ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

بۇ دوكلات تەستىقلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، دەرھال ھەربىي رايون (شۆبە ھەربىي رايون)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كادىر يېزىلارغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىنبىك تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. 1964 - يىلى 4 - ئايغىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە نۇقتىلىرىدىن ۋە 1 - قاراردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بارغان جايلاردىن جەمئىي 78 گۇڭشېنىڭ مىنبىك تەشكىلى تەرتىپكە سېلىندى، بۇ سان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۈتكۈل گۇڭشېلەرنىڭ 10.7% نى تەشكىل قىلدى.

## 1964 - يىل

**1 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق كومىتېتى ۋە ھەربىي رايون بىرلىكتە 1 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق مىنبىڭلىك ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىردى.

يىغىنغا ھەرمىللەت ۋەكىللىرىدىن 400 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا شىنجاڭ مىنبىڭلىرى قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى؛ ھەرمىللەت مىنبىڭلىرىنىڭ چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش داۋامىدىكى مۇھىم رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى؛ ھەممە مىنبىڭ خىزمىتى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇنلار تەقدىرلەندى؛ شىنجاڭ مىنبىڭلىرىنىڭ يېڭى جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** شىنجاڭ ھەربىي رايونى باش سىياسىي بۆنىڭ «ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشى توغرىسىدا يوليورۇق» نى ئىزچىللاشتۇردى.

باش سىياسىي بۇنىڭ يوليورۇقىدا: يېتەرلىك ساندىكى ۋە سۈپەتلىك كادىرلارنى ئاجرىتىپ خىزمەت ئەترىتىگە قاتناشتۇرۇش، يەنى ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلاردىن 40 — 50%، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدىن 50 — 60% كادىرنى خىزمەت ئەترىتىگە قاتناشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن، بۇندىن كېيىنكى 2 ـ 3 يىل ئىچىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق قوراللىق خىزمىتى كادىرلىرىنى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە بىر قېتىم ياكى بىرنەچچە قېتىم قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «قوراللىق تايانچ مىنبىلىك تەشكىللەش ۋە ئۇلارغا قورال تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەربىي رايوننىڭ دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملار ۋە مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكوملاردىن بۇ دوكلاتنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ دوكلاتىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەنىدى: ھەربىي كومىتېتنىڭ 1964 ـ يىللىق دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى پروگراممىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى كۆرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس-لىشىپ، مىنىبىكلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەدرىجىي ھالدا بىر تۈركۈم تايانچ مىنىبىكلار قوراللاندۇرۇلماقچى. دەسلەپكى قەدەمدە ئۈچ ئادەمگە بىردىن قورال تارقىتىش ئۆلچىمى بويىچە، 23 مىڭ دانە ھەرخىل قورال تارقىتىلىپ، 60 - 80 مىڭ ئادەم قوراللاندۇرۇلىدۇ. سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە مىنىبىك خىزمەت ئاساسى ياخشىراق بول-غان كۆكشىپ - دادۇيلەرگە 3000 دانە قورال تارقىتىلىدۇ، سىناق ئېلىپ بېرىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن تەدرىجىي كېڭەيتىلىدۇ.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا قە-دەر، قوراللىق تايانچ مىنىبىك لىيەندىن 39 ي، مۇستە-قىل پەيدىن تۆتى، يەنى 4889 نەپەر تاياچ مىنىبىك تەشكىللەنگەن ۋە ئۇلارغا 1888 دانە ھەرخىل قورال، 3 دانە 82 مم لىق مىناميوت تارقىتىپ بېرىلگەن.

7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پۈتۈن پارتىيە ھەربىي ئىشلارنى تۇتۇشى كېرەك دېگەن يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. يوليورۇقتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەرلىك پارت-كوملار قەلەمنىلا ياقتۇرۇپ، ئەلەمنى ياقتۇرمىسا، پۇلغىلا

قىزىقىپ، ھەربىي ئىشلارغا قىزىقمىسا بولمايدۇ، جاھان-
گىرلىك مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇرۇش خەۋپى تۈگىمەي-
دۇ»، «يەرلىك پارتكوملار ھەربىي ئىشلارنى تۇتسۇن دې-
گەنلىك، مىنىڭ قورۇلۇشنى تۇتسۇن، قورال - ياراق زا-
ۋۇتى قۇرسۇن دېگەنلىكتۇر»، «سابىق ئۆلكىلىك پارتكوم-
نىڭ 1 - شۇجىلىرى جېڭخۇيىلىڭنى قوشۇمچە ئۈستىگىلەرگە
ئالغان تۇرۇقلۇق، ۋەزىپىگىلەرنى ئادا قىلمىساڭلار ئا-
تاقىتىڭكى جېڭخۇيى بولۇپ قالىسىلەر. ھەربىي ئىشلارنى
تۇتمىساڭلار ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىسەڭلار، بىرەر
ئىش بولغاندا تەمتىرەپ قالىسىلەر». شۇنىڭدىن كېيىن،
ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملار مىنىڭ خىزمىتىگە
بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونىمىز
ئادەم ۋە خىراجەت ئاجرىتىپ، كىچىك تىپتىكى 3 -
سەپ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى قۇرۇشقا كىرىشتى. شىن-
جاڭ بويىچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيىلىك خەلق
قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرى شۇ دەرىجىلىك
پارتكوملارغا كىرگۈزۈلدى ياكى پارتكوم يىغىنىغا سىرت-
تىن قاتنىشىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭئېنماۋ ھەربىي رايوننىڭ ۋە
بىڭتۇەننىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ، ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ قوراللىق كۈچلەر قۇرۇلۇشى پې-

لاننى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا: ئىشلەپچى-
قىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە قۇرۇلۇپ بولغان دىجور-
نى ليەنلەر ئاساسىدا، 1968 ـ يىلدىن بۇرۇن، مىنبىلك
دىجورنى شىسىدىن 10 نى تەشكىللەپ بولۇش؛ بىڭتۇەن-
نىڭ بۇندىن كېيىنكى قوراللىق كۈچلىرى قۇرۇلۇشىغا
بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىڭتۇەننىڭ
ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى رەھبىرىي كادىرلارنى
ئاجرىتىپ مەخسۇس ھەربىي خىزمەتكە مەسئۇل قىلىش؛
تۇەن ـ مەيدانلار ياكى تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى
ئورگانلاردا قورالليق خىزمەت ئاپپاراتى قۇرۇش قارار
قىلىندى. پرىنسىپ جەھەتتە، بىڭتۇەن خەلق قوراللىق
بۆلۈمىدىكى ۋە ھەرقايسى شىلاردىكى قورالىق خىزمەت
بۆلۈمىنى كېڭەيتىپ قوراللىق خىزمەت باشقارمىسىغا
ئۆزگەرتىش؛ شىدىن يۇقىرى قوراللىق خىزمەت ئاپپارا-
تىغا ئورۇش قىلىش، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە، ھەربىي
ئىشلار، ئاخبارات، خەۋەر ـ ئالاقە ۋە مەخپىي ئىشلارغا
ئالاقىدار كادىرلارنى سەپلەش ئارقىلىق، بۇ ئاپپاراتنى
ھەقىقىي تۈردە جەڭگىۋار سىلىكبۇلۇق رولىنى ئوينىيا-
لايدىغان ئاپپارات قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بەلگىلەندى.
يىغىندا: نۆۋەتتە ئالدى بىلەن قۇرۇلۇپ بولغان دىجور-
نى ليەنلەرنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئادەمنى، قو-
رال ـ جابدۇقنى تولۇقلاش ئاساسىدا، يىڭنىڭ قوماند-
دانلىق ئاپپاراتىنى تەشكىللەش؛ ئىككىنچى قەدەمدە

تۈەن ۋە شىنىڭ قوراللىق خىزمەت ئاپپاراتىنى تەشكىل-
لەش كېرەك، دەپ قارالدى.

**10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە** باش سى-
ياسىي بۇ مىنبىڭ سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى.
يىغىنغا ھەربىي رايونلار، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلار،
ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ مىنبىڭ خىزمى-
تىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، ئاممىۋى خىزمەت بۆلىرىنىڭ
بۇجاڭلىرى ۋە بىر قىسىم شۆبە ھەربىي رايون، نا-
ھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھ-
بەرلىرىدىن بولۇپ 108 كىشى قاتناشتى. يىغىن مەزگى-
لىدە ماۋجۇشى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىل-
دى، يۈەنشۈەي خې لۇڭ، شۈشياڭچيەن يوليورۇق بەردى.
يىغىندا: سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋا-
مىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىدە «ئۈچنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىل-
لاشتۇرۇش مەسىلىسى نۇقتىلىق ھالدا مۇزاكىرە قىلى-
نىپ، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تەجرىبىلەر ئا-
ماشتۇرۇلدى.

**11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «مىنبىڭ سىياسىي خىزمىتى
يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. تەستىقتا

مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىدە تەشكىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقى — مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى. ئۇ، ناھايىتى زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە. مەملىكەت بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش داۋامىدا مىنبىڭ خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر «خاتىرە»نىڭ روھىغا بىنائەن، مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلەپ، نەتىجە يارىتىش لازىم».

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، باش سىياسىي بۇ چاقىرغان مىنبىڭ سىياسىي خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. بۇ يىغىندا، ئەمەلىيەتتە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 5 - ئايدىكى خىزمەت يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 7 - ئايدىكى خىزمەت يىغىنىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

«مىنبىڭ سىياسىي خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» شىنجاڭدا ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي رايون ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پەي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

7793 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ تۆتنى ئىنقىلاش ھەرىكىتىگە قاتناشتۇردى. بۇ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 49.4% ىنى تەشكىل قىلدى. بۇ كادىرلار ئىچىدە 19 نەپەر جۇڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر، 98 نەپەر شى دەرىجىلىك كادىر، 598 نەپەر تۈەن دەرىجىلىك كادىر بولۇپ، ئۇلار ھەم تۆتنى ئىنقىلاشقا قاتناشتى، ھەمىنىڭ خىزمىتىنى تۇتتى.

## 1965 - يىل

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «قىسىملارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى دائىرىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇپ ياخشى ئىشلىشى توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈردى. يوليورۇقتا: تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلاردا بىر نەپەر رەھبىرىي يولداش مىنبىڭ خىزمىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولۇش؛ ئالاقىدار كەسپىي تارماقلاردا مىنبىڭ خىزمىتىنى تۇتىدىغان ئادەم بولۇش؛ يېزىلاردا تۇرۇشلۇق تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلار 1 - 2 ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ شەھەر - بازارلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار بىر زاۋۇت ياكى بىر مەكتەپنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش؛ ئايرىم تۇرۇۋاتقان فېندۈيلەر شۇ جايدىكى 1 - 2 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ چېگرا مۇداپىئە پونكىتى (چازىسى) ئۆز مۇداپىئە رايونى تەۋەسىدىكى ئاممىنى تەشكىللەپ، بولۇپمۇ مىنبىڭ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى يولغا قويۇش؛ خەلق قوراللىق كادىرلىرىنىڭ قىسمىغا كىرىپ ئەسكەر بولۇشى، ۋەزىپە ئۆتىشىنى

قارشى ئېلىش؛ قىسمىلار تەلىم - تەربىيە كۇرسى ئاچقاندا ئۇلارنى قاتناشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭ جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 9 - سانلىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تۆتنىچى ئىنقىلاب ھەرىكىتىدە، مىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئالدى بىلەن تەشكىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دۆيجاڭ، بەنجاڭلار بارمۇ - يوق؟ مىنىڭ تەشكىللەنگەنمۇ - يوق؟ ئالدى بىلەن بار - يوقلۇقىغا قاراش، ئاندىن سىياسىي ئۈستىدىن سۆز ئېچىش كېرەك. مىنىڭلىققا پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر ۋە ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلماي، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى قوبۇل قىلىش لازىم. ئوتتۇرا دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىلغارلىرى قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ. پومېشچىك، باي دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ئىلغارلىرى قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ. راستىن ئۆزگەرگەن بولۇپ قالسا، ئۇلار بۆلۈنۈپ چىقىدۇ، بىر قىسمى ۋاقىتلىق قورچاق تەشكىل قۇرۇپ، ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، كوممۇنىستلارنى قىرىدۇ، بىر قىسمى بىزگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. پومېشچىك، باي دېھقان، كاپىتالىستلارمۇ بۆلۈنۈپ چىقىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەنگە ئەگىشىپ كەتمەيدۇ. دېمەك،

كۆپ ساندىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاز ساندىكىلەرنى يىتىم قالدۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىش كېرەك»، «مىنىنىڭ خىزمىتىدە، بىرىنچىسى تەشكىل، ئىككىنچىسى سىياسىي، ئۈچىنچىسى ھەربىي ئىشلار».

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مىنىنىڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ئاساسلىقى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ سىلىڭيۈەنى، جېڭگۇيىي ۋە ئاز ساندىكى نا-ھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ بۇجاڭ، جېڭگۇيى-لىرى قاتناشتى.

يىغىندا ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن جېڭگۇيى تەن كەيىۈن، ساۋدانوپ زاھىرلار رىياسەتچىلىك قىلدى. يى-غىندا، ئاساسلىقى، ئالدىنقى يېرىم يىللىق مىنىنىڭ خىز-مىتى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ھەم ئالماشتۇرۇلدى، كېيىنكى يېرىم يىللىق مىنىنىڭ خىزمىتى ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە باش سەن-مۇبۇ، باش سىياسىي بۇ مىنىنىڭ خىزمىتى يىغىنى چاقىر-دى. يىغىندا ھەر قايسى ھەربىي رايون، ئارمىيە تۈرى، ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ مىنىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەر-

لىرى، سەپەرۋەرلىك ۋە ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈملىرىنىڭ بۇجاڭلىرى، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلارنىڭ ھەربىي - سىياسىي رەھبەرلىرى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 114 كىشى قاتناشتى.

يىغىندا تۆتنى ئىنقىلاش ھەرىكىتى داۋامىدا مىنبىڭ خىزمىتىدە ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر نەچچە مەسىلە نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا يۈەنشۇەي شۇشياڭچىيەن، باش سەنمۇجاڭ لورۇيچىڭلار يوليورۇق بەردى. يۈەنشۇەي شۇشياڭچىيەن: «مىنبىڭ خىزمىتىدە ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەسىلە تەشكىل مەسىلىسى، تەشكىل ئەمەلىيلەشسە ئاندىن باشقىسى ئەمەلىيلىشىدۇ؛ تەشكىلنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەسىلە كادىرلار مەسىلىسى، كادىرلار ئەمەلىيلەشمىسە، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

**8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسى شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى قاتناشتۇرغان ھالدا يىغىن چاقىردى. يىغىندا ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن جىڭۋېيى ساۋدانوپ زاھىر ئارمىيە بويىچە چاقىرىلغان مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم

رايونىمىزدا مىنبىلەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىپ، سەككىز ماددىلىق قارار چىقىرىلدى. قارار يىغىن خاتىرىسى شەكلىدە ھەردەرىجىلىك پارتكوم ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

1. ئارمىيە بويىچە چاقىرىلغان مىنبەلەك خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئالدى بىلەن 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى چاقىرىلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت يىغىنىدا يەتكۈزۈش، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە، ئاپتونوم رايون بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 16 نۇقتىلىق ناھىيە ۋە شەھەردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمەكلىرىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەتكۈزۈش؛ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رايون ۋە ئورۇنلارغىمۇ يەتكۈزۈش لازىم.

2. ئاپتونوم رايون، ھەربىي رايون ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملىرى ھەم ئىنقىلابنى، قۇرۇلۇشنى تۇتۇشى، ھەمجەڭ ھازىرلىقىنى تۇتۇشى لازىم. جەڭ ھازىرلىقىنى تۇتۇشتا، مۇھىمى، مىنبىلەك خىزمىتىنى تۇتۇش لازىم. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىر قولىدا قىسىمنى، يەنە بىر قولىدا مىنبىلەك خىزمىتىنى تۇتۇشى، ھېچ بولمىغاندا يېرىم

كۆچىنى ئاجرىتىپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى تۇتۇشى كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى ئاساسىي كۆچىنى مىنبىڭ خىزمىتىنى تۇتۇشقا قارىتىش لازىم.

3. مىنبىڭ خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا مۇھىمى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نۇقتىلىق ناھىيىلەر، چېگرا رايونلار، نۇقتىلىق شەھەرلەر ۋە قاتناش تۆگۆنلىرىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتى ئوبدان تۇتۇلۇشى كېرەك.

4. مىنبىڭ خىزمىتىدە پىلان بولۇشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىنبىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە پىلان تۆزۆپ چىقتى. يەرلىكمۇ مىنبىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە پىلان تۆزۆپ چىقىشى لازىم.

5. مىنبىڭ خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە بىرلەشتۆرۆپ، مىنبىڭ خىزمىتىدە ھەقىقىي تۆردە «ئۆچنى ئەمەلىيلەشتۆرۆش» لازىم.

6. مىنبىڭ كادىرلىرىنى سەپلەش خىزمىتىنى كۆچەيتىش كېرەك. يەرلىكنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ كەسپىي قوراللىق خىزمەت كادىرلىرىنى سان ۋە سۆپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا شتات بويىچە تېزدىن سەپلەپ بولۇش كېرەك. خەلق گۇڭشېلىرىدە ئادىي بىلەن سوتسىيالىستىك تەربىيە

قىلىپ بېرىلىۋاتقان سىناق نۇقتىلىرىغا سەپلەپ بېرىلىشى لازىم.

7. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىنبىڭلارنى بىر قېتىم ھەربىي كۆرەككە تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان-لىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا 10 مىڭ ئايانچ مىنبىڭنى نامايىشقا قاتناشتۇرۇپ، مىنبىڭلارنىڭ كۈچىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، مىنبىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

8. غەربىي شىمال بىيۇروسى غەربىي شىمال رايونى-نىڭ جەڭ ھازىرلىقى ۋە مىنبىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، غەربىي شىمال رايونى بويىچە مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى چاقىرىشنى قارار قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايو-نى تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار-نى ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتىش لازىم.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت مەملى-كەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، «تۆتنى ئىنقىلاش ھەرىكىتىدە مىنبىڭ خىزمىتىنى ئۇنتۇپ قالماي ھەقىقىي تۇردە ياخ-شى ئىشلەش لازىم» لىقىنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئايدا بېكىتىلگەن شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكو-مى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يولىيورۇقىغا

ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ
قوراللىق كۈچلەر قۇرۇلۇش پىلانىغا يەنە بىر قېتىم تۈزە-
تىش كىرگۈزۈپ، ئەسلىدىكى ئاساستا 1970 - يىلىغىچە
180 مىڭ ئادەمدىن تەركىب تاپقان 10 پىيادە ئەسكەر-
لەر شىسى، ئۈچ برونى شى، بىر توپچى قىسىملار شىسى،
ئىككى زېنىت توپچىلار شىسى، ئىككى قۇرۇلۇش ئەسكەر-
لەر شىسى — جەمئىي 18 شى تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى
ئورۇنلىماقچى بولدى ھەمدە بۇ قوشۇننىڭ تەشكىلىي
پىلانى، شتاتى، قورال - جابدۇقى، ئەسكىرى قاتارلىق
مەسىلىلەر توغرىسىدا كونكرېت پىكىر ئوتتۇرىغا قويدى.

10 - ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جاي-
لىرىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ مىنبىڭ كۆرىكىگە قاتنى-
شىش ئۈچۈن كەلگەن 15 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت
مىنبىگىلىرى، پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر،
توپچى ئەسكەرلەر، قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى ۋە خەۋەر-
ئالاقە ئەسكەرلىرى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 69 دانە چا-
ساسەپ بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئۈرۈمچىدە مەركىزىي
ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن ئۆتتى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
بىڭتۇەنى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، سانجى، بايىنغولىن قاتار-
لىق ئورۇنلاردىكى مىنبىگىلار ھەربىي تېخنىكىدىن ماھا-

رەت كۆرسەتتى. مۇئاۋىن زوڭلى خې لۇڭ ۋە مەركىزىي ۋەكىللەر ئۈمىكىدىكى باشقا يولداشلار ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتناشقان بارلىق مىنبىڭلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرگە رەسىمگە چۈشتى.

بۇ پائالىيەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن، مىنبىڭلار ئارىسىدا ھەربىي مەشىق دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. 1965 ـ يىلى باش سەنمۇبۇ شىنجاڭغا 100 مىڭ مىنبىڭ تەربىيىلەش، 50 مىڭ مىنبىڭنى قارىغا ئېتىشقا قاتناشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. پەقەت ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارلا 170 مىڭدىن ئارتۇق مىنبىڭنى تەربىيىلەپ چىقىپ، 72 مىڭ 301 مىنبىڭنى قارىغا ئاتقۇزدى، قارىغا ئاتقانلارنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى ئەلا بولدى. 2195 تېخنىك تايانچىسى يېتىشتۈرۈلۈپ، تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇئاۋىن زوڭلى خې لۇڭ بىگتۇەن رەھبەرلىرىگە: «ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىگتۇەنى مەركىزىي كومىتېت ۋە ھەربىي كومىتېتنىڭ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى يۈزدە ـ يۈز ئىجرا قىلدىڭلار. ‹ئۈچ ئەترەت بولۇش› ۋە-

زىپىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلىدىڭلار. چېگرا رايونـ نى قوغداش، چېگر رايوننى گۈللەندۈرۈشتە سىلەر بۇرۇن رول ئوينىغان، ھازىرمۇ رول ئوينىشىڭلار، بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق رول ئوينىشىڭلار لازىم. ئەسلىـ دە جۇزوڭلى سىلەرنىڭ مىنبىڭ دىجورنى شىدىن 15 نى تەشكىللىشىڭلارنى ئېيتقان، مەن يەنە تۆتنى قوشۇپ قويدۇم. ئەگەر زوڭلىنىڭ ئېيتقىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىـ غان بولساڭلار، بۇندىن كېيىنكى روللىڭلار تېخىمۇ زور بولىدۇ، سىلەر 1968 ـ يىلى پىيادە ئەسكەرلەر شىدىن 10 نى تەشكىللەپ بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشىڭلار لازىم» دېدى.

**11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە** شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى چاقىردى ھەمدە يىغىن خاتىرىسى يېزىپ چىقتى.

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى، ھاۋا ئارمىيە 9 ـ جۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى زۇڭدۈيى، ھەر قايسى شىلار، شۆبە ھەربىي رايونلار ۋە ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ يىل 1 ـ ئايدا ھەربىي رايون «قىسىملارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى دائىـ

رىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇپ ياخشى ئىشلەشى توغرىسىدا يولىيورۇق» چۈشۈرگەندىن كېيىن، قىسىملارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتى ئىشلىشىدە بۇرۇنقىدىن ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، قىسىملار ۋە ئورگانلار 239 يەرلىك ئورۇن بىلەن ئالاقە باغلاپ، 354 كادىر، جەڭچىنى مىنبىڭ خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتتى.

يىغىندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى:

1. ماۋجۇشىنىڭ خەلق ئۇرۇشى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش لازىم.

2. تۆۋەندىن يۇقىرى ئورۇنلار (جامائەت خەۋپسىزلىكى زۇڭدۈيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، شۇ ناھىيىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئۈچ يىل ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

3. خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

4. تۆۋەندىن يۇقىرى پارتكوملاردا (مۇستەقىل يىغىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىر كىشى مىنبىڭ خىزمىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولۇشى، سىلىڭبۇ، سىياسىي بۇ ۋە ئارقا سەپ بۇسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىمۇ مىنبىڭ

خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇشى، مىنبىڭ خىز-
مىتى پارتكومىنىڭ كۈن تەرتىپىگە، قىسمىنىڭ خىزمەت
پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم. تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلار-
نىڭ باشلىقلىرى ھەربىر رايونغا نۆۋەتىدا تۇرۇپ مىنبىڭ
خىزمىتى ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدا يىلدا 1 - 2 قېتىم
دوكلات يوللىشى كېرەك.

**1965 - يىلى** شىنجاڭنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىدە، ئىشلەپ-
چىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مىنبىڭ قۇرۇلۇشى
نۆۋەتلىك كۆچەيتىلگەن، مىنبىڭلار ئارىسىدا جەڭ ھازىر-
لىقى ۋە ۋەزىيەت تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلغان، مىنبىڭلار-
نىڭ جەڭ ھازىرلىقى قارىشى ئۆستۈرۈلگەن، مىنبىڭلاردا
ئارمىيىگە، جەڭگە قاتنىشىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش
ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلغاندىن سىرت، قوراللىق تايانچ مىن-
بىڭ تەشكىللەش ھەققىدىكى تەجرىبىلەر داۋاملىق كې-
ڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، جەمئىي 95 تايانچ مىنبىڭ
لىيەنى، 46 پەي، 14 مىڭ 619 نەپەر تايانچ مىنبىڭ قو-
راللاندۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرى 52.3%
نى، ئىشچىلار ۋە كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار،
ئەمگەكچى چارۋىچىلار 81.6% نى تەشكىل قىلدى. ئۇلار-
غا 7463 دانە ھەر خىل قورال تارقىتىپ بېرىلدى.

**11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە**
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

غەربىي شىمال بيۇروسى لەنجۇ شەھرىدە غەربىي شىمال رايونىنىڭ تۇنجى قېتىملىق مىنبىنىڭ خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ئاساسلىقى مىنبىنىڭ خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. مىنبىنىڭ خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئىلگىرى سۈرۈلدى، لەنجۇ، شىنجاڭ قىسىملىرى بىلەن ھەرقايسى ئۆلكە، رايونلارنىڭ ئالاقىسى قويۇقلاشتۇرۇلدى. جەڭ ھازىرلىقىنى كۈچەيتىش، چېگرا رايوننى قوغداش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ 1 - شۇجىسى، بيۇرو شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، لەنجۇ قىسىملىرى ۋە شىنجاڭ قىسىملىرىدىن گوپېڭ، دېڭ شىڭ، شىن يۈەنلىن، ساۋدانوپ زاھىر، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىن جاڭ جۈگخەن قاتارلىق رەھبەرلەر ھەمدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سەنمۇبۇسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ھەرقايسى ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ كادىرلىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ خەلق قوراللىق كادىرلىرى، «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» بويىچە ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى، بەشتە ياخشى مىنبىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەرقايسى ئۆلكە (رايون) لەرنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم،

ياشلار ئىتتىپاقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، شۇنداقلا تۆمۈريول سىستېمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك شاسىرىدىن كەلگەن يولداشلار بولۇپ جەمئىي 617 كىشى قاتناشتى. بۇ، غەربىي - شىمال رايونى بويىچە مىنبىك قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق مىسلىسىز كاتتا يىغىن بولدى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ليۇشاۋچى جۇشىنىڭ مىنبىك خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

زاۋۇتلاردىكى مىنبىكلار ھەم ئىشچى، ھەم مىنبىك بولۇشى كېرەك. ئۇلارنى زېنىت توپ، زېنىت پىلىموتلار بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم. ئۇلار ئادەتتىكى چاغلاردا زاۋۇتتا ئىشلىيەلەيدىغان، دۈشمەن ئايروپىلانى كېلىپ قالسا يۇگۈرۈپ چىقىپ ئاتالايدىغان، ئۆزىنى ئۆزى قوغدىيالايدىغان بولسۇن. جەڭ ھازىرلىقى تىلغا ئېلىنسىلا، ھەممە جايلار بىزگە زېنىت توپچىلار قىسمى كېرەك دەيدۇ، ئۇرۇش بولۇپ قالسا، زېنىت توپلار ھەممە جايغا تەقسىملەشكە يەتمەيدۇ، شۇڭا، ئارقا سەپنى ئۆزىمىزگە تايىنىپ قوغدىشىمىز لازىم. دۈشمەن ئايروپىلانى كېلىپ قالسا، ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن كۆرۈنگە

كىرئۆيلىشى زۆرۈر، لېكىن كۆپ ساندىكى ئادەملەر قوا-
غا قورال ئېلىپ ئايروپىلان ئېتىشى كېرەك. ئېتىشى-
نىڭ مەنىۋى رولىمۇ بولىدۇ، يوشۇرۇنىۋالغانلار زېنىت
توپچىلار قىسىملىرىنى كۆرسە جانلىنىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ
روھي ھالىتىدە كۆتۈرۈلۈش بولىدۇ.

ئەسكىري تۈرلەرنىڭ ھەممىسى مىنبىڭ خىزمىتىنى
ئۆز ئالدىغا ئۆتۆشى لازىم. مەسىلەن، بىر يىگىدىن تەر-
كىب تاپقان مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى ئىككى يىلىك مىنبىڭ-
نىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى ئۆتۆشى لازىم. ئۇلار ئادەت-
تىكى چاغلاردا تەلىم - تەربىيە، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن
شۇغۇللانسا، ئۇرۇش بولۇپ قالغاندا ئىستىھكاملارغا
يېتىپ كەلسە، ئۇچاغدا بىر يىگىنىڭ ئەمەس، بىر نەچچە
يىگىنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ
يۆتكىلىپ تۇرىدىغان قىسىملىرى ئادەتتە بىر تۇرۇندا
ئۇزۇنراق تۇرىدىغان بولسا، بىر جۇن ئىككى جۇن مىن-
بىڭنى تەربىيىلىشى لازىم، ئۇنداقتا ئۇرۇش بولۇپ قال-
سا، ئۇلار نەچچە جۇننىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ. مۇشۇن-
داق قىلغاندا، ئەسكىري تۈرلەر بىلەن مىنبىڭلارنى
ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئەسكەر كۆپ بولۇپ كەتسە
سېلىق ئېغىرلىشىپ كېتىش؛ ئەسكەر ئاز بولۇپ قالسا
يېتىشمەي قېلىشتەك زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ،
شۇندىلا، ئادەتتىكى چاغلاردا باقىدىغان ئەسكەر
ئازىيىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭ قىلىدىغان ئەسكەر
كۆپىيىدۇ.

تۆتنى ئىنقىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان جاي-
لاردا مىنىبىك خىزمىتىنى ئىشلەش ئاسانغا توختايدۇ.
كىچىك ناھىيىلەر تايانچ مىنىبىك تۆەنى، چوك ناھىيە-
لەر تايانچ مىنىبىك شىسى تەشكىللىسە بولىدۇ، زاۋۇت-
لارمۇ مۇشۇنداق قىلىشى لازىم، تۆتنى ئىنقىلاش ھەرى-
كىتى ئاخىرلاشقان جايلاردا مىنىبىك خىزمىتىدىكى سىيا-
سىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشى ھەل بولۇپ بولغان بو-
لىدۇ، ئۇجايلاردا تەشكىلنى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئە-
ئەلىيلەشتۈرۈش تۇتۇلىسلا كۇپايە. چۈنكى ئۇ جايلار
ئىشەنچلىك، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنى قاچان ئىشلى-
تىمەن دېسە شۇچاغدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بىرنەچچە
تۆەن، بىرنەچچە شىنى سىناق قىلىش ئارقىلىق، مىنىبىك
خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» خىزمىتىنى ھە-
قىقىي ياخشى ئىشلەپ، بىرەرتەجرىبە ھاسىل قىلىش
كېرەك.

## 1966 - يىل

**2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى** باش سەنمۇ بۇ ھەربىي را-
يونغا: ماۋجۇشىنىڭ فېۋرال يولىيورۇقىغا، يەنى شىنجاڭ
رايونىدا كىچىك ئۇرۇش قىلىشقا سەل قارىماسلىق،
چوڭ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش، مۇستەقىل
ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى فاكجېنىغا ۋە شىنجاڭ ئى-
شلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە ئون پىيادە ئەس-
كەرلەرشىسى تەشكىللەشكە قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى
يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
ھەربىي كومىتېتنىڭ ئىش بېجىرىش يىغىنى مۇزاكىرە
قىلىش ئارقىلىق، بەش يىل ئىچىدە ئون پىيادە ئەس-
كەرلەر شىسى تەشكىللىشكە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇ-
لۇشنى؛ ئاز - تولا ئالاھىدە قىسىملار تەشكىللەشكىمۇ بو-
لىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇنىڭدا شى تەشكىللىمەي، مۇس-
تەقىل تۇەن، يىلىك تەشكىللەشنى قارار قىلغانلىقىنى
تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇردى.

**3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى** بىڭتۇەن پارتكومى دائىمىي
كومىتېت ئەزالىرى يىغىنى چاقىرىپ، بىڭتۇەننىڭ دىجور-
نى قىسىملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى مەخسۇس

مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ھەرقايـ
سى شى، تۇەنلەرنىڭ قوراللىق كۈچلەرخىزمىتىگە مەسئۇل
رەھبەرلىرى، كەسپىي قوراللىق كادىرلار، ئىلغار لىيەنلەر-
نىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 400 كىشى قاتناشقان قورال-
لىق كۈچلەر خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا، ئا-
ساسلىقى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ
خېرلىق مۇئاۋىن زوڭلىسىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ
قوراللىق كۈچلەر قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە قارىتا بەرگەن
يوليورۇقلىرى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. تەج-
رىبىلەر يەكۈنلىنىپ، قوراللىق كۈچلەر قۇرۇلۇشىغا ئائىت
ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دېڭ شيەڭ بىڭتۇەننىڭ
قوراللىق كۈچلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە دوك-
لات بەردى. پېي جۇيۇ مەملىكەتلىك سىياسىي خىزمەت
يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ يى-
غىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى
«1966 - يىللىق مىنبىڭ خىزمىتى توغرىسىدا قوشۇمچە
يوليورۇق» چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:
ليۇجۇشىنىڭ ۋە ھەربىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن،
تايانچ مىنبىڭ شىلىرىنى سىناق قىلىش
خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش؛ مىنبىڭ شى،

تۇەنلىرىنىڭ ئاپپاراتىنى قۇرۇش ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ شەھەرلەر، زاۋۇت - كانلار ۋە قاتناش تۈگۈنلىرى ئۆزىنى-ئۆزى قوغداش؛ ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرلەر مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ بىڭتۇەنىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى گەۋدىلىك ھالدا ئوبدان تۇتۇش؛ مىنبىڭلارنىڭ جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھەربىي رايون ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سەپەرۋەرلىك پىلانىغا ئاساسەن، 1968 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئاخىرلاشقىچە بولۇپ 70 مىڭ ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ بولغاندىن باشقا، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قوراللاندۇرۇلغان مىنبىڭ سانىنى تېزدىن 180 مىڭغا يەتكۈزۈش، ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىنىدىغان ئوبيېكتى سۈپىتىدە، ھەر بىر شى ۋە تۇەندە بىردىن قوراللىق تايانچلار تۇەنىياكى يىڭى بولۇشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلالايدىغان، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلالايدىغان ۋە ئارمىيىگە قاتنىشىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالايدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى قارار قىلدى. 1966 - يىل 9 - ئايغىچە، تايانچ مىنبىڭ لىيەندىن 254ى، مۇستەقىل پەيدىن ئۈچى

بولۇپ، جەمئىي 27 مىڭ 848 مىنبەشك قورالللاندۇرۇلدى، ئۇلارغا 14 مىڭ 679 دانە ھەر خىل قورال تارقىتىپبېرىلدى. چېگرا مۇداپىئە رايونى ۋە مۇھىم ئورۇنلاردا ئىككى ئادەمگە بىردىن قورال بېرىش ئۆلچىمى بويىچە قورال تارقىتىپ بېرىلدى.

3 - ئايدا ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، قاراماي شەھىرى ۋە قۇمۇل ناھىيىسى ھەربىي رايونىنىڭ جەڭ ھازىرلىقى توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، مىنبەشلارنىڭ ھاۋا مۇداپىئە زېنىت توپچىلار لىيەنىدىن 20 نى تەشكىللىدى، ھەر بىر لىيەندە تەخمىنەن 100 ئادەم بولدى، ھەربىر لىيەنگە توققۇز دانە ئېغىر پىلىموت، 18 تال مىلتىق تارقىتىپ بېرىلدى.

3 - ئاينىڭ 25 كۈنى ھەربىي رايون پارتكومى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «تايانچ مىنبەشك شىسى قۇرۇشنى سىناق قىلىش خىزمىتى پىلانى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. دوكلاتتا تەشكىللەش پرىنسىپى، سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن، تەشكىلىي رەھبەرلىك، سىناق قىلىش ئۇسۇلى، قەدەم باسقۇچ قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا كونكرېت پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىـ

لەڭبۇسى «1966 ـ يىلى مىنبەگلار ئارىسىدا تىپخىنىڭ
ئەسكەرلەر تەشكىللەش پىلانى»نى چۈشۈرۈپ، مىنبەگلار
ئارىسىدا تىپخىنىڭ ئەسكەرلەر تەشكىللەشنىڭ مۇھىم نۇق-
تىسى، تەشكىللەش ۋەزىپىسى، قىسىملارنىڭ مىنبەگلار
ئارىسىدا تىپخىنىڭ ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ بېرىشى قا-
تارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا
قويدى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ **كۈنى** «خەلق گېزىتى»دە «بارلىق
جىن ـ شەيتانلارنى تازىلايلى» سەرلەۋھىلىك باش ما-
قالە ئېلان قىلىندى. «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» بۇ ما-
قالىنى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى مىنبەگ بېتىگە
تەھرىر ئىلاۋىسى قوشۇپ باستى. تەھرىر ئىلاۋىسىدا: پۈ-
تۈن مەملىكەتتىكى خەلق قوراللىق كادىرلىرى ۋە مىنبەگلار
«ئاڭلىق ھالدا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابىغا ئاتلىنىش، ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق
تارماقلىرى يەرلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلى-
كىدە، مىنبەگ كادىرلىرى ۋە كەڭ مىنبەگلارنى تەش-
كىللەپ ......، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى
قوغداشقا پائال قاتنىشىش»قا چاقىرىلدى.

6-ئاينىڭ**16-كۈنى** باش سەنمۇبۇ«شەھەرلەردىكى مىنبەگ
قوراللىرىنى چىڭ باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تار-

قاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى چوڭقۇر قانات يېيىۋاتقان، سىنىپىي كۈرەش كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، شەھەرلەردىكى مىنبىلىك قوراللىرىنى ھەر قايسى ئورۇنلار يىغىپ ساقلاپ، قورال بىلەن ئوق - دورىلارنى ئايرىپ قويۇش، قورال ئىسكىلاتلىرىغا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى بەلگىلەپ مەخسۇس قارىتىش؛ كاپسۇل، پارتلاتقۇچ دورىغا ئوخشاش پارتلايدىغان بۇيۇملارنى شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى بىر تۇتاش ساقلاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ «مىنبىڭ خىزمىتىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا: «باش سەنمۇ بۇ 1964 - يىلى تارقاتقان مىنبىڭلارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى (سىناق نۇسخىسى) غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كەلدى، شۇڭا، ئۇنى ۋاقتىنچە ئىشلەتمەسلىك قارار قىلىندى؛ بۇ يىللىق مىنبىڭ تەلىم - تەربىيەدە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىش ئاساس قىلىنسۇن» دەپ كۆرسىتىلدى.

7 . ئايدا ھەربىي كومىتېت باش بۇنىڭ رەھبەرلى-

رىنى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدە 10 شى تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 10 شى تەشكىللەش مەسىلىسى تېخى ئەمەلىيلەشمەپتۇ، گەرچە 610 دىجورنى لىيەن (بۇنىڭ ئىچىدە 314 ى قوراللىق لىيەن) تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دىجورنى لىيەنلەر تارقاق ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىرىنچى سەپتە ئىشلەۋېتىپتۇ، ئادەملىرى يۆتكىلىپ تۇرىدىكەن، كۆپلىرى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كېتىپتۇ، دۈشمەن ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇلارنى تېزدىن يىغىپ جەڭگە ئاتلاندۇرۇش ناھايىتى قىيىنغا چۈشكىدەك؛ بولۇپمۇ يىلىك، تۈەن ۋە شىنىڭ قوماندانلىق ئاپپاراتى ھەم ئۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغۇچى فېندۇيلەر يوق ئىكەن، ناۋادا بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش تەس بولغىدەك، دەپ قارىدى. شۇڭا، 1966 يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈنى، ھەربىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بۇ ئەھۋاللار مۇزاكىرە قىلىنىپ مۇنداق دەپ قارالدى: ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدە 10 پىيادە ئەسكەرلەر شىسى تەشكىللەش مەسىلىسى - شىنجاڭدا جەڭ ھازىرلىقىنى كۈچەيتىش، سوۋېت شيۇجيەنجۇيىچىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم تەدبىر، شۇڭا، ئۇنى ئىمكان

قەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈش زۆرۈر. يىغىندا يەنە مۇنۇلار قارار قىلىندى: دۆلەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇنىنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قىسىملىرى قىلىپ ئۆزگەرتكەنگە ئوخشاش، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەربىر يېزا ئىگىلىك شىتىدا بىردىن كىچىك تىپتىكى جەڭ ھازىرلىقى شىسى قۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 10 پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنى تەدرىجىي تەشكىللەپ بولۇش لازىم. ھەر بىر شى 7000 — 8000 كىشىدىن تەركىب تاپسا، 10 شىدا جەمئىي 70 — 80 مىڭ ئادەم بولسا بولىدۇ. بۇ 10 شىدا مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇ ئازادلىق ئارمىيە دەپ ئاتىلىدۇ (ئەمما ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سانىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ). ھازىرقى پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنىڭ شتاتىغا ئاساسەن، شى، تۇەن ئورگىنى تەشكىللىنىدۇ ھەمدە ئۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ شتاتىدا بولىدۇ. بۇ 10 پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بىر يەر ئۈستى توپچى قىسىملار شىسى، بىر زېنىت توپچىلار شىسى ۋە ئۈچ تانكا تۇەنى تەشكىللىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتىكى چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلارغا بولغان سىياسىي تەربىيە زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلىدۇ، ئۇلار دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم ۋاقىت ھەربىي

تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. سانائەتنى ئۆگىنىش بىلەن ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە تەڭ ئېتىبار بېرىش لازىم. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ چوڭراق يېزا ئىگىلىك شىلىرى ئۆزىدىن ئەسكەر تولۇقلاپ چوڭ شى تەشكىللەيدۇ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ھەمدە ئاساسىي كۈچلەرنى تولۇقلايدىغان زاپاس قوشۇن بولۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىشلەپ- چىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دىجورنى لىيەنلىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت ھەربىي كومىتېتىنىڭ 1966 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە 10پىيادە ئەسكەرلەر شىسى تەشكىللەش توغرىسىدا دوكلات»نىغا قوشۇلدى ھەمدە دوكلاتتىكى «تەش- كىللەش خىزمىتىنى دەرھال باشلاپ، كېلەر يىلى ئاۋۋال تۆت ياكى بەش شى قۇرۇپ چىقىش، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن قالغان شىلارنى تەشكىللەش لازىم» دەپ تەستىق سالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۇپەيلىدىن بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

8 - ئايدا ھەربىي رايون يەرلىكتىكى ئاساسىي قاتلام مىنبىڭ تەشكىلاتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قوراللارنى ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە يىغىپ، پېچەتلەپ ساقلاشنى قارار قىلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى باش سەنمۇ بۇ، باش سىياسىي بۇنىڭ «يېزىلار، زاۋۇتلار، كان - كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدا قىزىل قوغدىغۇچىلار دېگەندەك تەشكىلاتلارنى قۇرماي، ئاساسلىقى، مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر» ىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بىڭتۇەن پارتكومى ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا ھەر قايسى شىلارنىڭ قوراللىق خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۇەن ئورگىنىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 56 كىشى قاتناشتى. ھەربىي رايوندىن يولداش خې جياچەنمۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا بىڭتۇەندە رەسمىي ھەربىي قىسىم قۇرۇش مەسىلىسى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىندى. دىڭ شىبىڭ، ماۋجۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەر-

بىي كومىتېتىنىڭ رەسمىي ھەربىي قىسىم قۇرۇش توغرى-
سىدا بەرگەن يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدى. مەركىزىي كو-
مىتېتىنىڭ يوليورۇقىدا: بىڭتۇەن 1970 - يىلىدىن بۇرۇن
12 رەسمىي ھەربىيلەر شىسى، ئۈچ مۇستەقىل تانكا تۇە-
نى تەشكىللىشى لازىم. قورال - جابدۇقنى ھىسابقا ئال-
مىغاندا، ئۇلارنىڭ بارلىق خىراجىتىنى بىڭتۇەن ئۆزى
كۆتۈرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

# 1967 - يىل

1 - ئايدا جاڭ چۇنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن شاڭخەيدىكى «ئىسيانچى» لار ئۈززۈل - كېسىل، ئومۇميۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتى — «يانۋار ئىنقىلابى بورىنى» نى قوزغىدى.

«قىزىل بايراق» ژۇرنىلى «پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىرلىشەيلى» سەرلەۋھىلىك ئوبزورچى ماقالىسى ئېلان قىلىپ، «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بىر ئوچۇم ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتى قوزغىلىپ كەتتى.

1 - ئايدا «جەڭ غەلىبىسى» گېزىتىنىڭ يېرىم ئايدا بىر سان چىقىدىغان قوشۇمچە بېتى — «مىنبىنىڭ بېتى» خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا ئايدا بىر سان چىقىدىغان «شىنجاڭ مىنبىگىلىرى» ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىلىپ، مىنبىنىڭ ليەنلىرىگىچە تارقىتىلىدىغان بولدى.

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بىڭتۇەننىڭ دىجورنى

ليەنلىرى شىخەنزىدە يۈز بەرگەن «26- يانۋار ۋەقەسى» گە قاتناشتى، ئۇلاردىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى.

مەركىزىي كومىتېت بىڭتۇەننى جۇمالىدىن شىنجاڭ نى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدا 12 ماددىلىق بەلگىلىمە» چىقىرىپ، بىڭتۇەندە ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، گوڭشې، زاۋۇت - كان، ئالىي مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرلىرىدىن ئۆز ئورنى ۋە ئۆز رايونىدا پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇقتۇرۇشتا، كەسپىي قوراللىق كادىرلار مىنبىتلارنى تەشكىللەپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قوغداشتىن ئىبارەت جەڭ ھازىرلىقى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا، ئۇلار خىزمەت ئورنىدىن خالىغانچە ئايرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

يولىيورۇق» چۈشۈرۈپ، تۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — يەرلىكتىكى ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى قوللاش ۋە ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە چېگرا مۇداپىئە رايونىدىكى شۆبە ھەربىي رايون ۋە خەلق قورالىق بۆلۈملىرى جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتىنى ھەم چېگرا — دېڭىز مۇداپىئەسىدىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جياڭ چىڭ «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش» دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ئەلەم كۈرىشى قوزغىلىپ، قىسمەن رايونلاردا قورال - ياراق بۇلاش ۋەقەسى يۈز بەردى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» «مىنبىگلارنى ئۆزگەرتىش» ئارقىلىق ئىسيانچىلار ئاساس قىلىنغان 2 - قورالىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش، فاشىستىك دېكتاتورا يۈرگۈزۈش قورالىغا ئايلاندۇرۇش كويىدا بولدى.

## 1968 - يىل

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مىنبىڭلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا جېنىنىڭ بېرىچە ئۇرۇندى. ۋاڭ خۇڭۋېن شاڭخەي ئىشچىلار باش قوماندانلىق شتابىنىڭ كاتىباشلىرىغا ئاپئاشكارا ھالدا: «قوشۇنىمىزنى كۈچەيتىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسى، يەنى رەھبەرلىك ھوقۇقى كىمنىڭ قولىدا بولۇش مەسىلىسى» دېدى.

12 - ئايدىن 1969 - يىل 3 - ئايغىچە سوۋېت زومىگەرلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 740 ئادەم (قېتىم) قوراللىق ئەسكەر، 130 دانە (قېتىم)دىن كۆپرەك برونېۋىك، 25 دانە (قېتىم) تىك ئۇچار ئايروپىلان چىقىرىپ، تالاش - تارتىشتا تۇرۇۋاتقان بىركىپ رايونىمىزنى ئىگىلىۋېلىش كويىدا بولدى. ھەرمىللەت مىنبىڭلىرى زوراۋانلىقتىن قورقماي، دىپلوماتىيە كۈرىشىگە دائىر فاكجېنلارغا ئەمەل قىلىپ، سوۋېت قوشۇنلىرىغا قارشى نەچچە ئون قېتىم كۈرەش قىلىپ، چارۋا بېقىپ يۈرۈپ چېگرا رايونىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

## 1969 - يىل

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سوۋېت زومىگەرلىرى جېنباۋ- داۋ ۋەقەسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، يەنە جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىغا نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، ئېلىمىزنى دۈشمەن قىلغان ھالدا بىر قاتار مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇش تەھدىتى پەيدا قىلدى. بۇ چاغدا، ماۋجۇشى «ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كېرەك» دېگەن چاقىرىقنى چىقىرىپ، «شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، جەڭ ھازىرلىقىنى كۈچەيتىش»نى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋاڭ خۇڭۋېن شاڭخەيدىكى «ئىشچىلار ئىسيان گېزىتى» دە شاڭخەينىڭ قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا دائىر خۇلاسە دوكلاتى — «ئىشچىلار سىنىپىنى قوراللاندۇرۇپ، شەھەر مىنبەرلىرىنى ئۆزگەرتەيلى»نى ئېلان قىلىپ، «2 - قوراللىق كۈچ»نىڭ رولىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈردى ۋە كۈزەللەشتۈردى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سوۋېت قوشۇنلىرى چا-

غانتوقاي ناھىيىسى بارلىق تېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 161 - تۈەن - مەيداننىڭ چارۋىچىلىق دۆيىدىكى مىنبىگلار ئۆزىنى قوغداش يۈزىسىدىن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ماسلىشىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، مەزكۇر دۆيىنىڭ ئايال چارۋىچىسى سۇن لۇڭجېن شۇ قېتىمقى كۆرەشتە باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئۇنىڭغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە يولداش سۇن لۇڭجېندىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

6 - ئايدا «شىنجاڭ مىنبىگلىرى» ژورنىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن نەشىر قىلىنماي، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تەستىقى بىلەن توختىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئۈرۈمچى جېڭبىيچۈيى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ۋە شەھەر تەۋەسىدىكى ھەر قايسى رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قارايدىغان بولدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىڭتۇەن پارتكومى كۆيتۇڭدە چېگرا مۇداپىئە رايونىدىكى يېزا ئىگىلىك شىلىرىنىڭ جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

چاقىردى. يىغىندا بىڭتۇەننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتىنى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، مىنبىڭلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، بىڭتۇەننىڭ قوراللىق كۈچلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا جەڭ ھازىرلىقى ماددىي ئەشيالىرىنى تەييارلاش خىزمىتىنى نۆۋەتتە جىددىي جەڭ ھازىرلىقى سەپەرۋەرلىكى دەپ قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

9 - ئايدا «ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. پىلاندا، ئۇرۇش ۋاقتىدا بىڭتۇەن سىستېمىسىدىن 130 مىڭ ئەسكەرنى سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدىغانلىقى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 3 — 4 پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنى تەشكىللىگى ۋە قوراللاندۇرغىلى بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىڭتۇەن ئورگىنىنىڭ جەڭ ھازىرلىقى لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. ئۇنىڭدا، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قوماندانلىق ئاپپاراتى، قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنى، ئارقا سەپ بازىسىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئورنى، ئۇرۇش ۋاقتىدا خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش پىلانى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

**10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا** شىنجاڭ ھەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى،

ھاۋا ئارمىيە ۋە ـ جۇڭنىڭ ۋە شىددىن يۇقىرى قىسىملار-
نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشقان جەڭ ھازىرلىقى
خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا ئارمىيە بويىچە چاقى-
رىلغان جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەت-
كۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتى مۇزاكىرە
قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يىغىندا مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇستەقىل
ئورۇش قىلىش، ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قىلىشقا تەييار
تۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ۋە باش سەنمۇ بۇنىڭ
تەلىپىگە ئاساسەن، جايلارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخ-
شى ئىشلەپ، ماۋجۇشىنىڭ: «ئۇرۇش پارتلاپ قالسا،
كىچىك ناھىيىلەردە بىر يىڭ، ئوتتۇرا ھال ناھىيىلەردە
ئىككى يىڭ، چوڭراق ناھىيىلەردە بىر تۇەن يەرلىك قو-
شۇن تەشكىللەش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى تېزدىن
ئەمەلىيلەشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكى-
لىك ھەربىي رايوننىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى تەش-
كىللەش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يەرلىك
قوشۇن قورۇشنى پائال سىناق قىلىش ھەمدە ئۇرۇش بو-
لۇپ قالسا ئۆز ئورنىدا كۆرەشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى
داۋاملاشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، دادۇيلەردە
تايانچ مىنبىڭ بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدە پار-
تىزانلىق گورۇپپىلىرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇ-
رىغا قويۇلدى. خەلق قوراللىق كۈچلىرى خىزمىتىنى كۈچەي-

تىش ئۈچۈن، ھەربىي رايون ئورگىنىدىن ۋە دالا ئارمىيە قىسىملىرىدىن بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش قارار قىلىندى. ھەرقايسى ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى كۈچىنىڭ يېرىمىنى ئاجرىتىپ جەڭ ھازىرلىقى بەنزىسى تەشكىللەپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇش تەلەپ قىلىندى.

**10 - ئايدا** ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئارشاڭ، بۆرتالا ناھىيىلىرىدىكى چىلقىق، قابۇسمەت قاتارلىق يەتتە مىنبىڭنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەتكە قاچقان ئۇنسۇرلارنى قوغلاپ تۇتقانلىقىنى تەقدىرلىدى. بۆرتالا شۆبە ھەربىي رايونى ئۇلارنى خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىگە ئالدى.

**10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېت شىنجاڭ ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش لايىھەسىنى تەستىقلىدى. ھەربىي رايوننىڭ ھەربىي ئىشلار بۇسى بىلەن سەپەرۋەرلىك بۇسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەربىي ئىشلار — سەپەرۋەرلىك بۇسى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا تۆت بۆلۈم تەشكىللەندى. مىنبىڭ خىزمىتى ۋە ئەسكەر چاقىرىش خىزمىتىنى سەپەر-

ۋەرنىڭ بۆلۈمى بىجىرىدىغان بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ھەرقايسى شۆبە ھەربىي رايونلارمۇ يۇقىرىقى بۆلۈملەرنى ھەربىي رايوننىڭكىگە مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتتى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ 1969 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى تەستىقى — «ئاھالىسى كۆپرەك ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى مۇۋاپىق تولۇقلاش» توغرىسىدىكى تەستىقىنىڭ روھى بويىچە، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى كۈچەيتىپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى، يەر كۆلىمى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە مىنبىڭ خىزمىتى ئەھۋالىغا قاراپ، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ شتاتىنى تەكشەپ، بۇرۇنقى شتات ئاساسىدا بىرقانچە يۈز ئادەمنى كۆپەيتتى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ناھىيە، شەھەرلەردە قوراللىق تايانچ مىنبىڭ تۈەنى (يىڭى) قۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق» تارقاتتى. يولىيورۇقتا تەشكىللەش ۋەزىپىسى ۋە پرىنسىپى مۇنداق بەلگىلەندى: مىنبىڭ سانى 1500 دىن ئارتۇق بولغان ئو-

رۇنلاردا مىنىڭ تۆەنى، 1000 دەك مىنىڭ بار ئورۇن-
لاردا ئىككى ياكى بىر يىلىك قورۇش، يىڭنى ئادەم سا-
نىغا قاراپ چوڭ يىلىك، كىچىك يىلىك قىلىپ ئايرىش،
ئۇنىڭ ئادىمى 300 — 700 بولۇش؛ قورااللىق
تايانچ مىنىڭلارنىڭ يېشى 16 ياشتىن 30 ياشقىچە،
(ھەربىي سەپتىن قايتۇرۇلغان، بوشىتىلغان ھەربىيلەر-
نىڭ 35 ياشقا قەدەر) بولۇش؛ سىياسىي ۋە سالامەتلىك
شەرتى يېڭى ئەسكەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇش؛ يىلىك،
تۆەنلەرنىڭ كادىرلىقىنى پىرىنسىپ جەھەتتە كەسپىي
قورااللىق كادىرلار ياكى خەلق قورااللىق بۆلۈم كادىر-
لىرى قوشۇمچە ئۆتەش؛ گۇڭشېلەردە خەلق قورااللىق بۆ-
لۈمى قۇرۇش، چوڭراق ناھىيە ۋە چېگرا مۇداپىئە ناھى-
يىلىرىدىكى گۇڭشې (چارۋىچىلىق مەيدان) لەرگە كەسپىي
قورااللىق كادىردىن ئىككىنى سەپلەپ بېرىش، كەسپىي
قورااللىق كادىرلار ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇدىر بولۇپ
كەتكەن بولسا، يەنە بىر كەسپىي قورااللىق كادىرنى
سەپلەپ بېرىش.

**12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي**
ھەربىي كومىتېت: چېگرا رايون قورۇلۇشىنىڭ ۋە جەڭ
ھازىرلىقىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ھەم رەھبەرلىكنى
كۈچەيتىپ، قوماندانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن،
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يەنىلا

شنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، دەپ يوليورۇق بەردى.

بىكتۇەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا مەزگىلىدە ئىبغىر جەڭ ھالەتلىرى بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتىنى ئۇستىگە ئېلىشى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا كېڭەيتىپ دالا ئارمىيە قىسىمغا ئايلىنىشى ئۈچۈن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن، 1969 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1971 ـ يىل 3 ـ ئايغا قەدەر، بىكتۇەن دائىرىسىدە ئىككى تۈركۈمدە رەسمىي ھەربىيلەردىن تەركىب تاپقان 12 پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنى، بىر يول ياساش تۇەنى، ئىككى مۇستەقىل يىڭ، بىر خەۋەر ـ ئالاقەلىيەنى، بىر ترانسپورت لىيەنى قۇرۇلدى ۋە قۇراللاندۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 19 مىڭ كىشىگە يەتتى. بۇ رەسمىي قىسىملارنىڭ ھەربىي كادىرلىرى مەملىكەتتىكى ھەر قايسى چوڭ ھەربىي رايونلاردىن، جەڭچىلىرى ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلدى. بۇ خادىملارغا ھەر بىيلەرنىڭ تەمىناتى بويىچە مۇئامىلە قىلىندى، ئۇلار ھەربىي رايوننىڭ تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، لېكىن ئارمىيە شتاتىغا كىرگۈزۈلمەيدىغان بولدى. قورال ـ جابدۇقلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھەربىي خىراجىتىگە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىكتۇەنى ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان بولدى. ئەسكەر تولۇقلاش خىزمىتى ھەربىي رايوننىڭ ئەسكەر چاقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

# 1970 - يىل

1 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى «1970- يىللىق خىزمەت پروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا «مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىنبىڭلارنىڭ ھاۋا مۇداپىئەسىنى كەڭ يولغا قويۇپ، خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش» تىن ئىبارەت مىنبىڭ خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1 - ئايدا «ئارمىيە بويىچە چاقىرىلغان جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» دە، مىنبىڭ تەشكىلاتلىرىدىن «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەرىكەتنى ۋە تۆتتە ياخشى بولۇش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش» تەلەپ قىلىندى.

1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە بايىنغولىن شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ يوليورۇقىغا ئا-

ماسەن، ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم 30 نەچچە مىڭ-
ىىڭ لىيەنىنى چىقىرىپ، قىسىملارنىڭ باغراش كۆلى را-
يونىنى تەكشۈرۈشىگە ماسلاشتى. ئۇلار مەسلىسى بار بىر
تۈركۈم ئادەملەرنى تېپىپ چىقىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى
تىنجىتتى. باغراش كۆلىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان مىڭ-
ىىڭلار دالىدا يېتىپ-قوپۇپ،قەھرىتان سوغۇققا چىداپ،
ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ،خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا
ۋە يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى،بۇ جەريان-
دا، بىر تۈركۈم ئىلغار مىنبىڭ كوللېكتىپى ۋە بەشتە
ياخشى مىنبىڭلار مەيدانغا كەلدى.

2 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى «1970 - يىللىق
مىنبىڭ خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى»نى تارقاتتى.ئو-
رۇنلاشتۇرۇشتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مىنبىڭ قۇرۇ-
شىنى كۆچەيتىپ، خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەي-
يارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ئىشلەش؛ شۆبە ھەربىي را-
يون ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ كادىرلىرىنى تېز-
دىن شتات بويىچە تولۇق سەپلەش؛ مىنبىڭ تەشكىلىنى
تەرتىپكە سېلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان
ئىشلەپ، مىنبىڭ قوشۇنىنى كېڭەيتىش؛ خەلق ھاۋا مۇ-
داپىئەسىنى كەڭ يولغا قويۇش،قوراللىق تايانچ مىنبىڭ
تۈەن (يىڭ)لىرىنى پائال تۈردە ئېھتىيات تىجانلىق بىلەن
قۇرۇپ، چىقىش ۋە قوراللاندۇرۇش، بۇنىڭدا چېگرا مۇدا-

پەشە بىرىنچى سىپىدىكىلەرگە ئادەتتە بىر ئادەمگە بىر تال مىلتىق؛ ئىككىنچى سەپتىكى ستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلاردا، قاتناش تۈگۈنلىرىدە ۋە ھاۋادىن چۈشۈشكە قار- شى تۇرىدىغان رايونلاردا ئادەتتە ئىككى ئادەمگە بىر تال مىلتىق؛ ئۈچىنچى سەپتىكىلەرگە ئۈچ ئادەمگە بىر تال مىلتىق تارقىتىپ بېرىش بەلگىلەندى. دالا ئارمىيە قىسىملىرى ۋە ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلىرى يەرلىكنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى ھەم ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىش؛ مىنبىڭ- لارنىڭ ھەربىي تەلىم-تەربىيىسىدە، جەڭ ھازىرلىقىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە يا- رىشا ئىش كۆرۈش، جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مەز- مۇنلارنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىش كېرەك. 1970 - يىل 4- ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە جەڭگىۋار كەنت ئىستىھكامى قۇرۇپ بولغان ئورۇن 127 گە، قۇرۇۋاتقان ئورۇن 1282 گە يەتتى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 177 مىڭ- دىن ئارتۇق مىنبىڭ تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوق ئېتىشقا قاتناشقانلار 75 مىڭدىن ئاشتى.

مىنبىڭلارنىڭ سىياسىي تەربىيىسى، ئاساسەن، «ئۈچ ئەسەر»نى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىپ، ئىدى- يىدە ئىنقىلابىيلىشىشنى ياخشى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بولدى.

5 - ئايىنىڭ 5 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە شىنجاڭ
ھەربىي رايونى ئۈرۈمچىدە مىنبىڭ خىزمىتى سۆھبەت يى-
غىنى چاقىردى. يىغىنغا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايو-
نى ۋە شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ، شۆبە ھەر-
بىي رايونلارنىڭ، بىڭتۇەننىڭ ھەم ھەر قايسى شىلارنىڭ
رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تارماقلاردىكى يولداشلار قاتناش-
تى، يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مىنبىڭ خىزمە-
تىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، مىنبىڭ
تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە مىنبىڭ قۇرۇلۇشى جە-
ھەتتىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، مىنبىڭ خىزمىتىدە
ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

5 - ئايىنىڭ 31 - كۈنى جاڭ چۈنچياۋ، ۋاڭ خۇڭۋېن-
لار ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن شاڭخەيدىكى «قەلەم
بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش» تەشكىلا-
نى «شاڭخەي مىنبىڭلىرى»غا ئۆزگەرتتى. لېكىن، شەھەر،
رايونلاردىكى «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن
قوغدىنىش قوماندانلىق شتابى» دېگەن نام يەنىلا ئۆز-
گەرتىلمىدى. 1972 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە، «شاڭخەي
مىنبىڭلىرى» «مىنبىڭ قوماندانلىق شتابى»غا ئۆزگەر-
تىلدى ھەمدە مىنبىڭ، ئامانلىقنى ساقلاش ۋە ئوت ئۆ-
چۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن بىر گەۋدە قىلىنغان تەش-

كىلات قۇرۇش شاڭخەي شەھىرى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈرۈپ، جايلاردىن ھەر خىل ھاۋا مۇداپىئە كەسپىي قوشۇنلىرىنى تېزدىن تەشكىللەپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ھاۋا مۇداپىئە كەسپىي قوشۇنى شەھەرلەردىكى مىنبىڭ قوشۇنىدىن ئىبارەت بولدى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى رايونىدا ھاۋا مۇداپىئە مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا تۆت تۈەن، 37 يىڭ — جەمئىي 34 مىڭ مىنبىڭ قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي فېندۇيلەردىن 14 مىڭ 500 دىن ئارتۇق مىنبىڭ بار ئىدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە باش سەنمۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ بېيجىڭدا ئارمىيە بويىچە مىنبىڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ماۋجۇشىنىڭ مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرى ئۆگىنىلدى، مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر مەسىلىلەر قارار قىلىندى، مىنبىڭ خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»

جەھەتتىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە قەدەر، شىنجاڭدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ھەربىي رايونلار بولۇپ ئۈچ ئورۇندا يىغىن ئېچىلىپ، ئارمىيە بويىچە ئېچىلغان مىنبىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

1970 ـ يىلى قىشتا ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قۇمۇل رايونلىرىدىن 30 مىڭ 780 مىنبىك ۋە بىڭتۇەننىڭ دىجورنى ليەنلىرىدىن 4600 دىن ئارتۇق مىنبىك چىقىرىلىپ، جەڭ ھازىرلىقى سىم يولىنى ئاسراش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى، ھەر مىللەت مىنبىڭلىرى بىرقانچە ئون كۈن قاقاسلىقتا يېتىپ ـ قوپۇپ، قار ـ شىۋىرغانغا قارىماي، ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورونداپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىلمىي تەجرىبە خىزمىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭدىكى كەڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن قىتىم سىم يوللىرىنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. قەشقەر رايونىدىلا ئۈچ يىل ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن 120 ليەن (قېتىم) مىنبىك ئاجرىتىلدى، بۇنىڭغا قاتناشقان مىنبىڭلار 13 مىڭ 355 ئادەم (قېتىم)گە يەتتى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مالىيە مىنىستىرلىقى، باش ستاتىستىكا بۇ، باش ئارقاسەپ بۆلۈمىنىڭ «يېزا خەلق كۈكشېپلىرى، زاۋۇت، كان، ئالىي مەكتەپلەرگە سەپلەپ بېرىلگەن كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ مائاشى ۋە پاراۋانلىق پۇلىنى يەرلىكتىن چىقىم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىدا: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا خەلق كۈكشېپلىرىگە بەلگىلىمە بويىچە سەپلەنگەن كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ مائاشى ۋە پاراۋانلىق پۇلى 1971 - يىلدىن باشلاپ يەرلىكتىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ زاۋۇت - كان، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئالىي مەكتەپ قاتارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ مائاشى ۋە پاراۋانلىق پۇلى 1971 - يىلدىن باشلاپ خىزمەت خىراجىتى بىلەن بىرگىلا كارخانا باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە كەسپىي ئىشلار خىراجىتى خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ. كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى، خىزمەت ۋەزىپىسى، باشقۇرۇلۇش - تەربىيىلىنىش، تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلىرى يەنىلا بۇرۇنقى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

12- ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايون شىخو ناھىيىسىدە جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا: مىنبەلەڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تايانچ مىنبىگ-

لار ئارىسىدا مۇستەقىل يىلىك، تۈەنلەرنى قۇرۇش؛ تۆت-
تە ياخشى، بەشتە ياخشى بولۇش ھەرىكىتىنى قانات ياي-
دۇرۇش؛ مىنبىڭلارنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆتەشكە تېگىش-
لىك ۋەزىپىلىرى مەسىلىسىدە، مىنبىڭ تەشكىلىنى
ئاساس قىلىپ، ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەش-
تۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، ۋەزىپىلەرنى مىنبىڭلارنىڭ
كەسپىگە ئۇدۇل كەلتۈرۈپ تەقسىملەش ۋە شۇئاساستا
تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئايرىم تەشكىل قۇرماس-
لىق تەلەپ قىلىنىدى.

1970 - يىلى بىڭتۈەننىڭ خىزمەت پروگراممىسى-
دا، جەڭ ھازىرلىقى خىزمىتىگە نىسبەتەن «تاغلىق
رايونلارغا تايىنىش، تۈزلەڭلىكنى گۈللەندۈرۈش، جەڭ
مەيدانى تەييارلىقىنى تېزلىتىش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇلدى. بىڭتۈەن دائىرىسىدە يەر ئاستى يول، ھاۋامۇدا
پىئە ئاكوبلىرىنى قېزىش، جەڭگىۋار كەنتلەرنى قۇرۇپ
چىقىش بويىچە ئاممىۋى دولقۇن قوزغالدى. يەتتە يېزا
ئىگىلىك شىسىدىن ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 453 مىڭ
200 مېتىردىن ئارتۇق يەر ئاستى يولى؛ 254 مىڭ مې-
تىردىن ئارتۇق ھاۋامۇداپىئە ئاكوبى، 180 مىڭ 400
دىن ئارتۇق ھاۋامۇداپىئە ئۆڭكۈرى قېزىلغان، 53 جەڭ-
گىۋار كەنت قۇرۇلغان. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قۇرۇ-
لۇش قىلىش ئارقىلىق، 1971 - يىلى ئۇرۇش ۋاقتىدا

ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاساسىي قوماندان-لىق شتابى قۇرۇپ چىقىلغان.

چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، چېگرا مۇ-داپىئە كۈرىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىڭتۇەننىڭ چېگرى-غا جايلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى 78 لىيەن قىسمىنىڭ 12 چېگرا مۇداپىئە پونكىتى بىلەن ئارمىيە-خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە ئالاقىسى ئورنىتىپ، قەرەل-لىك تۈردە بىرلەشمە مۇداپىئە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئۆزئارا ئاخبارات ئالماشتۇرۇپ تۇردى. مىنبىڭلار قىسىم-لارغا ماسلىشىپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداش يولىدا باتۇر، قەيسەر بولۇشتەك جەڭگىۋار روھنى جارى قىلدۇردى.

**1970** - يىلى بىڭتۇەن ھەربىي كومىتېتىنىڭ 1976 - يىلى 300 دېجورنىي لىيەن قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليو-رۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى 640 دېجورنى لىيەن-نى 280 گە قىسقارتتى، ھەر بىر لىيەننىڭ شتاتى 70 — 100 ئادەمدىن تەركىب تاپتى، بىڭتۇەندە قوراللىق كۈچ-لەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىش ۋە جەڭ ھازىرلىقى تەربى-يىسى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىن-بىڭ تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

## 1971 - يىل

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 25 مىڭ نەپەر ئەسكەر چاقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق» نىغا ئاساسەن، تايانچلارنى تەربىيىلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، رايونىمىزدىكى ئەسكەر ئېلىنمىغان ياكى ئازراق ئېلىنغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن 500 نەپەر يېڭى ئەسكەر چاقىرىلدى، تايانچلار تەربىيىلەندى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باش سەنمۇ بۇ، باش سىياسىي بۇ، باش ئارقاسەپ بۆلۈمى «كەسپىي قورال لىق كادىرلار مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا: كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ ماھىيىتى، پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىدىن بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلار يەنىلا شۇ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە،

مەركىزىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىدە «مىنبىڭ ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى قۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئىككى يىل ئۈچ ئاي توختاپ قالغان «شىنجاڭ مىنبىڭلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كېلىپ، ھەربىر سانى ئىككى خىل يېزىقتا 46 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىنىدىغان بولدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قورغاس ناھىيىسىدە مىنبىڭ خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەربىي رايون ئورگىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ھاۋا ئارمىيە 9 - جۈنى، ھەرقايسى شۆبە ھەربىي رايونلار، دالا ئارمىيە شىلىرى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك (رايونلۇق) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى، بىڭتۇەن ئورگىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرقايسى شىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق جەڭ ھازىرلىقى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بولۇپ، 178 كىشى قاتناشتى. يىغىندا تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. قانداق قىلغاندا چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا مىنبىڭ خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، ئومۇ-

مىي خەلق ئەسكەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ دېگەن-
دەك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. مىنبىڭ تەشكىلىي قۇ-
رۇلۇشى جەھەتتە، «خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى
خىل زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، دۈشمەن بىلەن
ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىگە ياتمايدىغان-
لارغا ئىشىنىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۇلار بىلەن ئىت-
تىپاق قىلىشىش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سىياسىي ھەرىكەت-
لەردە ئىپادىسى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلگەن ھەمدە
مىنبىڭلىق شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى مىنبىڭ تەش-
كىلىگە قوبۇل قىلىش»، مىنبىڭلارنىڭ سانى ئومۇمىي
ئاھالىنىڭ 20%نى ئىگىلەش ياكى 20% تىن يۇقىرى
بولۇش تەلەپ قىلىندى. يىغىندا «ئاز سانلىق مىللەت-
لەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ»، «ئۇلار ئىشەنچلىك ئە-
مەس» دەپ قارايدىغان خاتا ئىدىيە تەنقىد قىلىندى،
كۆپ ساندىكى ئامما ۋە كادىرلارغا ئىشىنىش ھەم تايى-
نىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 90% تىن كۆپرەكى بىلەن
ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسى
تۇرغۇزۇلدى.

يىغىندا، نوپۇسى 50 مىڭغا يەتمەيدىغان كىچىك
ناھىيىلەردە بىر يىڭ؛ 50 مىڭدىن 100 مىڭغىچە بولغان
ئوتتۇرا ھال ناھىيىلەردە ئىككى يىڭ؛ 100 مىڭدىن ئا-
شىدىغان چوڭ ناھىيىلەردە بىر تۈەن قۇرۇش، مۇستەقىل
يىڭ، تۈەنلەرنىڭ مىنبىڭ سانىنى ۋاقتىنچە ئومۇمىي
ئاھالىنىڭ 2% ى بويىچە تەشكىللەش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 1972 - يىل

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «1972 - يىللىق مىنبىلك خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى»نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا مىنبىلك تەشكىلىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىنبىلك قوشۇنىنى زورايتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، جايلاردىن مىنبىگلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئاھالىنىڭ 30%ىدىن ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. جايلارنىڭ مۇستەقىل يىلك، تۆۋەنلەرنى قورغاستا ئېچىلغان مىنبىلك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك ناھىيىلەردە مىنبىلك تەشكىللەش پرىنسىپى بويىچە تەشكىللىشى لازىملىقى ئېنىق تەكىتلەندى.

ئورۇنلاشتۇرۇشتا: مىنبىگلارنىڭ جەڭ ھازىرلىقى تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئەمەلىي ئورۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، مىنبىگلارنىڭ ئېتىش، نەيزىۋازلىق، گراناتا تاشلاش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش، ئالدىن بېكىتىلگەن جەڭ ۋەزىپىسىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا مىنبىگلارنىڭ كىچىك تىپتىكى ئەنئەنىۋى ئورۇش ئۇسۇللىرى ۋە «ئۇچنى يوقىتىش»، «ئۈچتىن قوغدىنىش» مانېۋىرلىرىنى ئېلىپ بېرىش، مىنبىلك كادىرلىرىنى ۋە تايانچ مىنبىگ-

لارنى تەلىم ـ تەربىيىدە مۇھىم نۇقتا قىلىش، بولۇپمۇ مۇستەقىل يىلڭ، تۆەنلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇش، مىنبىڭلارنى قىسقا مۇساپىلىق دالا مەشقلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى«خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە ئاشپەز شتاتى بېرىش» توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش» تا: مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ 1972 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە بىر نەپەر ئاشپەز شتاتى بېرىلىدۇ، خەلق قوراللىقبۆلۈملىرى ئۆز ئالدىغا ئاشخانا ئاچسا بولىدۇ،دەپكۆرسىتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون بىرلىكتە «ماۋجۇشىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىدە ئۇچىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى يوليورۇقى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھەربىي رايون باشلىقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن، 200 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلىپ، ھەربىي رايون تارقاسەپ بۆسۈغا قاراشلىق 360 ـ ئىسكىلاتنىڭ قورۇسى ئىچىگە 2300 كىۋادرات مېتر كۆ-

لەمدە تۆت كورپۇس مىنبىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورا ئىسكىلاتى سېلىندى.

**8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى** شىنجاڭ ھەربىي رايونى باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ ۋە باش ئارقاسەپ بۇسىغا «كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ شتاتىنى كۆپەيتىپ بېرىش توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى، دوكلاتتا ئاپتونوم رايونىمىزغا 555 نەپەر كەسپىي قوراللىق كادىرنى كۆپەيتىپ بېرىش ئىلتىماس قىلىندى.

بۇرۇن باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزغا 1600 نەپەر كەسپىي قوراللىق كادىر شتاتى (ئالىي رايونغا بېرىلگەن 35 نەپەر بۇنىڭ سىرتىدا) بەرگەنىدى.

**10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى** باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش ئارقاسەپ بۇسى «چېگرا مۇداپىئە بىرىنچى سېپىدىكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە پىكاپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزغا 70 دانە پىكاپ، ھەر بىر پىكاپقا بىردىن شوپۇر شتاتى بېرىلدى.

**11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە** ھەربىي

رايون بېكىتۈەننىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، شۇنداقلا ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈمى ئورگىنىدىكى مەسئۇل يولداشلاردىن بولۇپ 49 كىشى قاتناشقان مىنبىڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى.

يىغىن مەزگىلىدە، ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى شۇگوشيەننىڭ يولىيورۇقى بويىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قورغاس ناھىيىلىك كومىتېتى 1971 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھەربىي رايوننىڭ جېڭجۇيىي ساۋسىمىڭغا يوللىغان «گۇڭشې ئەزالىرى ئارىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» ۋە ساۋسىمىڭنىڭ پىكرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەم ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ ئەزالىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. دوكلاتتا ئىلى، تارباغاتاي، بۆرتالا قاتارلىق رايونلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئىنكاس قىلىنغانىدى، ساۋسىمىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ بۇ مەسىلىنى بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشىنى تەكلىپ قىلغانىدى.

قورغاس ناھىيىسىنىڭ دوكلاتىدا: مەزكۇر ناھىيىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى، مەزكۇر ناھىيىنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى

خىل زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، 95 پىرسەنت-
تىن يۇقىرى خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىش، تايىنىش ۋە
ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مىن-
بىڭلىق شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى مىنبىڭ تەشكىلا-
تىگە قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا مۇن-
داق قىلىشنىڭ ئەجايىپ تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەر
ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

**12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم**
بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى-
نىڭ خاتىرىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. «خاتىرە»دە: جاي-
لاردىن پارتىيە قوراللىق كۈچلەرنى باشقۇرۇشتىن ئىبا-
رەت شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى
مەزگىلدىكى مەركىزىي ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىنبىڭ
خىزمىتىنى پارتكوملارنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش، مىن-
بىڭ خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە،
بىرىنچى قول رەھبەرلەر بىۋاستە تۇتۇش، بۇ خىزمەتكە
مەسئۇل كادىرلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تۇتۇش، مىنبىڭ
خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇنىڭغا بىر تۇ-
تاش رەھبەرلىك قىلىش، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىن-
جاڭ ھەربىي رايون پارتكومى ۋە شۆبە ھەربىي رايون
پارتكوملىرى پارتكومنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىدە،
مىنبىڭ خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس بىر رەھبەر-
لىك بەنزىسى تەشكىللەش تەلەپ قىلىنىدى.

## 1973 - يىل

باھار بايرىمىدا ۋاڭخۇڭۋېن «خەلق گېزىتى» مۇخبىرىغا سۆھبەت بايان قىلىپ، مىنبىڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاتالمىش رولىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، «مىنبىڭ قوماندانلىق شتابلىرىنى قۇرۇش ــ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش» دېدى.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ھەربىي رايون «تۆمۈر يول سىستېمىسىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتى مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تۆمۈريول سىستېمىسىنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىنى (ئەسكەر چاقىرىش خىزمىتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەرلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، شۇ جايدىكى شۆبە ھەربىي رايون ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى باشقۇرىدىغانلىقىنى، مىنبىڭلارنىڭ قورال - جابدۇق، تەلىم - تەربىيە سايمانلىرى ۋە قوللانمىلىرىنى شۆبە ھەربىي رايون ھەم خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ھەل قىلىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ھەربىي رايون «باش سەن-

مۇ بۇنىڭ (1973) 8 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈرۈپ، كەسپىي قوراللىق
كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى
تۇتۇشقا ئائىت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ

باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش ئارقا سەپ بۆلۈمى جىڭجۇدا
مىنبىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش بويىچە
نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ۋۇخەن ھەربىي رايونىنىڭ
كونا مىنبىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساشقا
دائىر تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتتى.

5 - ئايدا باش سەنمۇ بۇنىڭ ھەربىي ئىشلار — سە-
پەرۋەرلىك بۆلۈمى ھەرقايسى ھەربىي رايونلارنىڭ ھەربىي
ئىشلار — سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىدىكى مىنبىڭ ھەربىي
تەلىم - تەربىيىسىگە مەسئۇل بۆلۈم باشلىقلىرى، مۇئا-
ۋىن بۆلۈم باشلىقلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا
«مىنبىڭلارنىڭ 1973 — 1975 - يىللىق ھەربىي تەلىم -
تەربىيە پروگراممىسى» ۋە كەسىپكە ئالاقىدار مەسىلىلەر
مۇزاكىرە قىلىندى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باش سەن-
مۇبۇ ھەربىي ئىشلار — سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ «مىنبىڭ-
لارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتى توغرىسىدا
يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. «دوك-

لات»تا مۇنداق بىرقانچە ئاساسلىق مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1. نۆۋەتتىكى مىنبىك تەلىم ـ تەربىيىسىدەكۆچـ نى ھەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نوقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. يېقىنقى بىرقانچە يىللىق تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مۇھىم نوقتىسى: كەسپىي قوراللىق كادىرلار، مىنا ئارقـ لىق پارتلىتىشنى ئاساس قىلغان تانكا يوقىتىش بەن (پەي)لىرى، مىنبىگلارنىڭ پەيدىن يوقىرى كادىرلىرى، قوراللىق تايانچ مىنبىك لىيەنلىرى ۋە توپچى فېندۇيـ لەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

2. «مىنبىگلارنىڭ 1973 — 1975 ـ يىللىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە پىروگراممىسى» توغرىسىدا ئىزاھات؛

3. مىنبىگلارنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە يىلىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا؛

4. «مىنبىك پىيادە ئەسكەرلەر قوراللىرى ئارـ قىلىق راست ئوق ئېتىش بەلگىلىمىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

5 ـ ئايدا ھەربىي رايوندا قورال ـ ياراقلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇـ رۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ليۇ فاشيۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى، ئىشخانا ھەربىي رايون سىلىڭبۇسىنىڭ ھەربىي ئىشلار ــ سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىدە تەسىس قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ تارقاتقان «رايونىمىزدا مىلىشىيەنى يادروغا ئالغان ... كونا قورال - ياراقلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش توغرىسىدا دوكلات» ى ... رايونىمىز بويىچە تەخمىنەن 5000 تال قورال ئۆزگەرتىپ ياسىلىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى يىلدەك ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى «1973 - يىللىق مىلىشىيەنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە پىلانى»نى تارقاتتى. پىلاندا تەلىم - تەربىيە ئوبيېكتى، مەزمۇنى، تەلىم - تەربىيىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئېنىق بەلگىلەندى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋاڭ خۇڭۋېن خەلق گېزىتى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە ئازادلىق ئارمىيە گېزىتىنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، شاڭخەينىڭ «مىلىشىيەنى ئۆزگەرتىش» جەھەتتىكى «يېڭى تەجرىبە»سىنى كېڭەيتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» نىڭ 1 - بېتىدە «شاڭخەي شەھىرىنىڭ مىلىشىيە خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. 9 - ئاينىڭ

29 - كۈنى «خەلق گېزىتى»، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» دە «مىنبىلك تەشكىلىنى كۆپلەپ قۇرايلى، ياخشى قۇرايلى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «شاڭخەي شەھىرىنىڭ مىنبىلك قۇرۇلۇشى» توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال خەۋەر بېرىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي رايون ئۇرۇمچىدە مىنبىلارنىڭ كونا قورال - ياراقلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئۆزگەرتىپ ياسالغان قوراللار ئېكسكۇرسىيە قىلىندى، جېڭجۇ يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، قورال - ياراقلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش خىزمىتىدىكى مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى، يىغىنغا ھەر قايسى ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم تېخنىك خادىملاردىن بولۇپ جەمئىي 91 كىشى قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1974 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ يولیورۇقىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن 70 نەپەر ئۇچقۇچى قوبۇل قىلىندى.

1973 ـ، 1979 ـ يىللىق ئەسكەر چاقىرىشتا، تېخنىك تايانچلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋۇخەن ھەربىي رايونىغا 310 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت پاراشوتچىسى قوبۇل قىلىندى.

11 ئاينىڭ 7 ـ كۈنى باش سەنمۇبۇ بىلەن باش ئارقا سەپ بۆلۈمى «مىنبىڭلارغا قورال ـ ياراق ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا» ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، شىنجاڭغا 20 مىڭ تال 56 ـ يىل تىپتىكى يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق ۋە ئاپتومات، 1100 تال 53 ـ يىل تىپتىكى ئاپتوماتىك مىلتىق، 71 دانە زېنىت پىلىموت ۋە زېنىت توپ تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ ھال شىنجاڭ مىنبىڭلىرىنىڭ قورال ـ ياراقلىرى يېڭىلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ قورال ـ ياراقلار ئۇقتىلىق ھالدا چېگرا مۇداپىئە رايونلىرى ۋە ھاۋادىن تاشلاشقا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى بار رايونلارغا تارقىتىپ بېرىلدى، زېنىت پىلىموت ۋە زېنىت توپلار شەھەرلەر، قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە مۇھىم نىشانلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ئىمكان قەدەر تۈەن، يىڭ، لىيەن شتاتى بويىچە تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ قورال ـ ياراقلارغا لازىملىق ئوق ـ دورىلارنى ھەربىي رايون تارقىتىپ بەردى، زېنىت توپقا يېرىم تۈپ سان بويىچە تارقىتىپ بېرىلگەندىن سىرت، قالغان قوراللارغا بىر تۈپ سان بويىچە تارقىتىپ بېرىلدى.

**11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گوۋويۈەن بىلەن مەركىزىي** ھەربىي كومىتېت «شاڭخەي شەھىرىنىڭ مىنبىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (يەنى 162 – نومۇر-لۇق ھۆججەت)نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك پارتكومدىن «پۈتۈن پارتىيە ھەربىي ئىشلارنى تۇتۇش، پارتىيە قوراللىق كۈچلەرنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، شاڭخەي شەھىرىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلەپ قىلىندى.

**1973 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1974- يىلىنىڭ بېشىغىچە** ئاپتونوم رايون، ھەربىي رايوندىكى ۋە ئۈرۈمچى، غۇلجا، قاراماي، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىكى پارتىيە ھۆكۈ-مەت، ئارمىيە كادىرلىرىدىن 20 دەك كىشى ھەربىي را-يونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ليۇ فاشيۇنىڭ باشچىلى-قىدا، مىنبىڭلارنىڭ جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشكە قاتناشقانلىقىدىن ئىبارەت «يېڭى تەجرىبە»نى ئۆگىنىش ئۈچۈن شاڭخەيگە باردى. بۇلار قايتىپ كەلگەندىن كې-يىن، ھەربىي رايونغا بۇ ھەقتە دوكلات يازدى. ھەربىي رايون پارتكومى مىنبىڭ قوماندانلىق شىتابىنى ئو-مۇمىيۈزلۈك قۇرماي، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، قاراماي قاتارلىق تۆت شەھەردىلا سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇشنى بېكىتتى. شۇڭا، شىنجاڭدا مىنبىڭ قوماندانلىق شىتابى ۋە مىنبىڭ كىچىك فىندۇيلىرى كېيىنرەك قۇرۇلدى،

بەزى ئورۇنلاردا قورۇلغان تەقدىردىمۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا قۇرۇلۇپ، ناھايىتى ئاز پائالىيەت ئېلىپ باردى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى ھەربىي رايون سىلىكبۆسى ۋە ئارقا سەپ بۆسىنىڭ «مىنبىگلارنىڭ كونا قورال - ياراقلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش بويىچە چاقىرغان نەق مەيدان يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. تەستىقتا: «كونا قورال - ياراقلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش ۋەزىپىسىنى ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ۋە شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ رېمونتخانىلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ، يەرلىكتىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. ھەممە جايلاردىن بۇ خىزمەتنى مۇھىم بىر ستراتېگىيەلىك تەدبىر قاتارىدا تۇتۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا، 1975 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، رايونىمىز بويىچە كونا قورال-ياراقلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇش تەلەپ قىلىندى.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1975-يىل 11-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 753 دانە ئاپتومات،

660 دانە يىپنىڭ پىلىموت، 259 دانە ئېغىر پىلىموت ئۆزگەرتىپ ياسالغان.

1973 - يىلىدىن باشلاپ ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، مىنبىلىك خىزمىتىگە ئائىت تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇرغۇن ناھىيىلەردە مىنبىلىك ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. 1974 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئالتاي، قەشقەر، ئىلى رايونلىرى (قىسمەن ناھىيىلەر)دا مىنبىلىك ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ۋىلايىتى، بۆرتالا ئوبلاستى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ مىنبىلىك ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. ھەر دەرىجىلىك مىنبىلىك ۋەكىللىرى يىغىنى ئارقىلىق مىنبىلىك خىزمىتى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىنبىلىك خىزمىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1973 - يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك قۇرۇقلۇق چېگرا مۇداپىئە يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، چېگرا رايونلارنىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى تەدرىجىي كۈچەيتىلدى، جايلاردا يەرلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئارمىيە تايانچ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە يەرلىكتىكى

ھەر مىللەت مىنبەگلىرى شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسى ئاساس قىلىنغان بىرلەشمە مۇداپىئە سىستېمىسى شەكىللەندى، كۆزىتىش، چارلاش، يوشۇرۇنۇش، سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان قاراۋۇلخانىلار بەرپا قىلىندى. چېگرا لىنىيىسىدىكى رايونلاردا 54 مەخسۇس چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسى قۇرۇلدى.

## 1974 - يىلى

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر دانە قوراللىق رازۋېتكا تىك ئۇچار ئايروپىلانى رايونىمىز تەۋەلىكىگە ئۇچۇپ كىرىپ، قابا ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغا قوندى. مىنبىڭ پەيجاڭى زىيادىنىڭ قوراللىق مىنبىگلارنى نەق مەيدانغا باشلاپ بېرىپ ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنى توستى ۋە سوۋېت تەرەپتىن ياردەم بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى ھەمدە دەرھال مىنبىگلارنى ۋە خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەن ئايروپىلانىغا يامىشىپ چىقىپ ۋارقىراپ، ئايروپىلانىڭ ئىشىكىنى مەجبۇر ئاچقۇزۇپ، قورال - ياراقلارنى غەنىمەت ئالدى، ئايروپىلان خادىملىرىدىن ئۈچ كىشىنى تۇتۇپ قېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ناھىيىدە تۆھپىكارلارنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مىنبىڭ ھەم خەلق ئاممىسىدىن 24 كىشى خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىگە ئېلىندى ۋە مۇكاپاتلاندى، 60 كىشى تەقدىرلەندى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارت

كوم بىلەن ئۈرۈمچى جىڭبېيچۈيى پارتكومىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىنبىڭ قوماندانلىق شتابى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات»ىغا تەستىق بېرىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىنبىڭ قوماندانلىق شتابى قۇرۇشقا قوشۇلدى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن، باش شتاب بېيجىڭدا مىنبىڭ تەلىم - تەربىيە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا ھەرقايسى ھەربىي رايون، ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، ھەرقايسى باش بۆ، ئارمىيە تۈرى، ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ كەسپىي تارماقلىرىدىكى يولداشلار ۋە ئاساسىي قاتلام مىنبىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 152 كىشى قاتناشتى. بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي مىنبىڭ قوماندانلىق شتابلىرىمۇ يىغىنغا ئادەم ئەۋەتتى.

ئەسلىدە يىغىننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قانداق قىلغاندا مىنبىڭلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى ۋە جەڭگىۋار تايانچ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ئىدى. لېكىن، جاڭچۈنچياۋ، ۋاڭخۇڭۋېنلار مىنبىڭلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، يىغىننى شاڭخەينىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرمىدى، دەپ ئەيىبلىدى. يىغىن ئاخىرلىشىدىغان چاغ-

دا، ئۇلار «قوبۇل قىلىش» پرۇسسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆكتەملىك قىلىپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭغا ۋە ئۈچ باش بۆلۈمنىڭ مەسئۇللىرىغا ھۇجۇم قىلدى، يىغىننىڭ لۇشيەنى توغرا ئەمەس، دەپ كاپىشىپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ ۋە باش سەنمۇبۇنىڭ رەھبەرلىرىگە بېسىم ئىشلەتتى، يىغىن ۋاقتىنى ئۈچ كۈن ئۇزارتقۇزۇپ، ۋاڭخوڭۋېننىڭ سۆزىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدۇردى.

«يىغىن خاتىرىسى» قايتىدىن يېزىپ چىقىلدى، ئۇنىڭدا 162 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش نۇقتىلىق تەكىتلەندى. 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «باش سەنمۇبۇ چاقىرغان مىنبەنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» (يەنى 104 - نومۇرلۇق ھۆججەت)نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

**10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ھەربىي رايون مىنبەنىڭ خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 71 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاساسلىقى باش سەنمۇبۇ ئاچقان مىنبەنىڭ تەلىم - تەربىيە سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە 162 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

يىغىندا: زاۋۇت - كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇن-

لاردا «ئۇچىنى بىر كەۋدە قىلىش» جەھەتتىكى تەجرىبى-
لەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن جايلاردا سىناق
قىلىش، مىنبىك قوماندانلىق شتابى قۇرۇش مەسىلىسىدە،
بۇ مەسىلىنى يۇقىرى بىر تۇتاش مۇھاكىمە قىلىپ ھەل
قىلىشتىن ئىلگىرى، قۇرۇپ بولغان ئورۇنلار ئۇنى تې-
خىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئۆز
جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن
بىرەر ئورۇندا سىناق قىلىش لازىملىقى بەلگىلەندى.

## 1975 - يىل

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھەربىي رايون سىلىڭبۇسى بىلەن ئارقا سەپ بۇسى «مىنبىڭلارنى قوراللاندۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىش ۋە مىنبىڭلارنىڭ زېنىت توپ فېندۈيلىرىگە خەۋەر - ئالاقە سايمانلىرىنى تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە ھەربىي رايونلاردىن ھەرقايسى ئورۇن بىردىن ناھىيىدە سىناق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنى تەلەپ قىلدى. شۇندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يېڭىسار ۋە شىخو ناھىيىلىرىدە سىناق قىلدى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھەربىي رايون «مىنبىڭلارنى قوراللاندۇرۇشنىڭ بەش يىللىق پىلانى قاتارلىق ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىن شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ پىلانىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرۈش ئاساسىدا، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ كونكرېت

پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە پىلاننى شۇ يىلى 8 - ئايدىن بۇرۇن ئومۇملاشتۇرۇپ ھەربىي رايونغا يوللاش تەلەپ قىلىندى. ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، ئالتاي، قەشقەر، قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونلىرى ۋە ئۈرۈمچى جىڭبېيچۇيى 1976 - يىلى بىردىن ناھىيىدە قورال - ياراق تارقىتىپ بېرىشنى سىناق قىلدى.

**4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** ھەربىي رايون سىلىڭبۇسى «مىنبىڭلارنىڭ 1975 - يىللىق ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈردى. يوليورۇقتا: جايلاردىن باش سەنمۇبۇ تۈزۈپ بەرگەن مىنبىڭلارنىڭ ئۈچ يىللىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە پروگراممىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا، «ئۈچ يىللىق پروگرامما» ۋە «قوشۇمچە پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش؛ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا، ئاساسلىقى، چېگرا مۇداپىئەسىدىكى، چەتئەلگە ئۆتىدىغان مۇھىم يوللاردىكى، ئىچكى مۇداپىئە شەھەرلىرىدىكى ۋە نۇقتىلىق شەھەر - بازارلاردىكى، قاتناش تۈگۈنلىرىدىكى ھەمدە تانكىغا، ھاۋادىن چۈشۈشكە قارشى تۇرىدىغان ئوپېراتسىيىلىك ۋە ستراتېگىيىلىك رايونلاردىكى مىنبىڭ كادىرلىرىنىڭ، مىنبىڭ جەڭگىۋار تايانچ قوشۇنلىرىنىڭ، شۇنداقلا باشقا كەسپىي فېندۈيلەرنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ مۇھىم

نۇقتىنى تاڭكا، ئايروپىلان يوقىتىش تەلىم - تەربىيە-سىگە قارىتىش تەلەپ قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ «پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» غا قوشۇلدى ھەمدە ئۇنى تەستىقلاپ تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار كونكرېت لايىھە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. شۇندىن باشلاپ، بىڭتۇەننىڭ رەسمىي ھەربىي قىسىملىرى ئازادلىق ئارمىيە قاتارىغا ئۆتۈپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى. ھەر قايسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى كەسپىي قوراللىق تارماقلار (يەنى ئۇرۇش تەلىم - تەربىيە تارماقلىرى) خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆز رايونىدىكى قوراللىق خىزمەت سىستې-

ەسى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، شۇ يەردىكى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان بولدى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ھەربىي رايون 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىخەنزە ۋە تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنى قۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بۇ شۆبە ھەربىي رايونلارغا شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى.

7 - ئايدا ھەربىي رايونىنىڭ سىلكىيۇەنى ياڭيۇڭ ھەربىي كومىتېت يىغىنىغا قاتنىشىۋېتىپ، بېيجىڭدىن ھەربىي رايون گېزىتخانىسىغا تېلېفون بەردى، تېلېفوندا دەرھال شۆبە ھەربىي رايونلار ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى مىنبىگلارنىڭ قوماندانلىق شتابى، دەپ خەۋەر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. گېزىتخانا «ساۋەن ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى — مىنبىگلارنىڭ قوماندانلىق شتابى» دېگەن خەۋەرنى گېزىتتە تېزدىن ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، «توت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىشتىن ئىبارەت تەرەپبازلىق ئەترەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇۋېلىپ، ئارمىيە ھوقۇ-

قىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش مەقسىتىدە مىنبەلىك قوماندانلىق شتابى قۇرۇش سۈيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇلدى.

**9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن ئۈچ باش بۇ «چېگرا (دېڭىز) مۇداپىئە رايونلىرىدىكى مىنبەلەرنى تەكشۈرۈش - تەربىيەلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن ھەربىي رايون بۇ «پىكىر»نى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقاتتى. «پىكىر»دە: چېگرا رايونلاردىن مىنبەلەرنى بولۇپمۇ تايانچ مىنبەلەرنى ۋە مىنبەلىك كادىرلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش، مەسىلە سېزىلسە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش، مىنبەلەرگە قارىتىلغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرۇش، ئىدىيىۋى خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىش، دۈشمەن ئىشپىيونلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش تەلەپ قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ «شىنجاڭ مىنېراللىرى جەڭگىۋار تايانچلار قوشۇنىنىڭ 1975 - يىللىق تەرەققىيات پىلانى»نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا باش سەنمۇبۇنىڭ «5 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە مىنېراللارنى قوراللاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى ۋە شىنجاڭدىكى مىنېرال قوراللىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1975 - يىلى شىنجاڭ مىنېراللىرى جەڭگىۋار تايانچلار قوشۇنىنى (1975 - يىل 3 - ئايدىن 1976 - يىل 3 - ئايغىچە) 110 — 147 مىڭغا (ئىشلەپچىقىرىش قورۇلۇش بىڭتۇەنى بۇنىڭ سىرتىدا) يەتكۈزۈش، ئۇلار تايانچ مىنېراللارنىڭ 35 — 38 نى ئىگىلىگەن بولۇش؛ 37 م م لىق زېنىت توپچىلار يىغىندىن تۆتنى، زېنىت توپچىلار ليەنىدىن ئىككىنى، زېنىت پىلىموت ليەنىدىن 20 نى، تانكىغا قارشى ئوت قوراللىرى پەيدىن 327 نى، 57 م م لىق جەڭ مۇداپىئە زەمبىرىكى يىغىندىن ئىككىنى، 37 م م لىق زېنىت توپچىلار يىغىنىنىڭ خەۋەر - ئالاقە — قوماندانلىق فېندۇيىدىن 21 نى، مىنېراللارنىڭ خىمىيىۋى قورallardىن قوغدىنىش ليەنىدىن ئالتىنى تەشكىللەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى «شىنجاڭ مىنېراللىرى جەڭگىۋار تايانچلار قوشۇنىنىڭ 1975 - يىللىق تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدا قوشۇمچە

ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: يۇقىرىدىن بىر تۈركۈم زىمىنت پىلىموت بېرىلگەچكە، زىمىنت پىلىموتچىلار لىيەنىدىن يەنە سەككىزىنى تەشكىللەش، ئالدىنقىسى بىلەن قوشقاندا جەمئىي 31 لىيەن قۇرۇپ چىقىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە** باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش ئارقا سەپ بۆسى مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرى يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەربىي رايون، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا پىلان كومىتېتى، ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىقى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى، باش سەنمۇ بۇ، باش ئارقا سەپ بۆسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بولۇپ 144 كىشى قاتناشتى.

يىغىندا مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى رېمونت قىلىش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرى خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى. مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭ جاڭسەيچيەن، پېڭشاۋخۇي، باش ئارقا سەپ بۆسىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى فېڭيۈكشۈنلەر يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىن، يىغىن ئەھۋالى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەنگە يوللاندى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە
باش سەنمۇ بۇ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن شەھىرىدە
مىنبىڭ خەۋەر - ئالاقە فېندۇيلىرى تەلىم - تەربىيە-
سى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش بويىچە
يىغىن چاقىردى. يىغىندا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر
مۇزاكىرە قىلىندى. فېكرۇن ناھىيىسى ۋۇجى ناھىيە-
سى خەۋەر - ئالاقە فېندۇيلىرىنىڭ كۆرسەتكەن ماھارىتى
ئېكىسكۇرسىيە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 7- كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى
يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ھەربىي رايون
سىلىڭبۇسىنىڭ ھەربىي ئىشلار - سەپەرۋەرلىك بۇسىنى
ئايرىۋېتىش، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ بۇ
ئىككى بۇ يېڭى نامغا ئىشلىتىش ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشۈردى. سەپەرۋەرلىك بۇسىنىڭ قارمىقىدا تەشكىلات-
پىلان بۆلۈمى، مىنبىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە بۆلۈمى،
ئەسكەر چاقىرىش ۋە ئەسكەر قايتۇرۇش بۆلۈمى، مىنبىڭ
قورال - ياراقلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، شتاتى
22 ئادەم بولدى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي
ھەربىي كومىتېت دۆلەتلىك پىلان كومىتېتى، مالىيە
مىنىستىرلىقى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى،

باش سەنمۇبۇ ۋە باش ئارقا سەپ بۇسىنىڭ مىنىنىڭ قو-
رال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسى-
دىكى دوكلاتى [يەنى (1975) 186 - نومۇرلۇق ھۆججەت] نى
تەستىقلاپ تارقاتتى.

دوكلاتتا مىنىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى جەھەتتى-
كى بەزى مەسىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئېنىق تە-
لەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمى-
سىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

2. ئاپپاراتلارنى تولۇقلاش، ئېنىق ئىش تەقسىم
قىلىش. يېزىلاردىكى قورال - جابدۇقلارنى ناھىيىلىك
يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى ۋە گۇڭشې يېزا ئى-
گىلىك سايمانلىرى پونكىتىدا بەش كىشىلىك رېمونت
گۇرۇپپىسى قۇرۇپ رېمونت قىلىش. شەھەرلەردىكى مى-
نىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى ئادەتتە قورال - ياراق
سەپلەپ بېرىلگەن ئورۇنلار ئۆزلىرى رېمونت قىلىش.

ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايون-
لاردا قورال - ياراق رېمونتخانىسى قۇرۇش. ئۆلكىلىك
ھەربىي رايوننىڭ رېمونتخانىسىغا 30 — 40 ئىشچى -
خىزمەتچى، شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ رېمونتخانىسىغا
10 — 12 ئىشچى - خىزمەتچى قويۇش.

3. ئىسكىلاتلارنى كۆپەيتىش، زۆرۈر بولغان خا-
دىملارنى كۆپەيتىپ سەپلەش.

1975 - يىلىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا مىنبىك قو-
رال - جابدۇقلىرى ساقلىنىدىغان ئۈچ دەرىجىلىك ئىس-
كىلاتلارنىڭ كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتىرلا ئىدى، كۆپ
ساندىكى ئىسرونىلار قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى
ئىشخانا ياكى ياتاقلاردا ساقلايتتى. بۇ خىل ھالەتنى
تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بىلەن ھەر-
بىي رايون گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ
(1975) 186 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى ئۆلكىلىك ھەربىي
رايون، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك)
خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى زۆرۈر بولغان مىنبىك قو-
رال - جابدۇق ئىسكىلاتلىرىنى سېلىش، ئىسكىلاتنىڭ
كۆلىمى جەھەتتە، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلارنىڭ 10—
20 مىڭ كۋادرات مېتىر، شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ 1000—
2000 كۋادرات مېتىر، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قو-
راللىق بۆلۈملىرىنىڭ 100 — 200 كۋادرات مېتىر بولۇ-
شى كېرەك، دېگەن تەلەپكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ مىنبىك قورال - جابدۇق ئىسكىلاتى قۇرۇلۇشىنى
چىڭ تۇتتى. 1976 - يىلىدىن باشلاپ، ئۈچ دەرىجى-
لىك مىنبىك قورال - جابدۇق ئىسكىلاتلىرى تەدرىجىي
سېلىندى.

**12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى باش سەنمۇبۇ، باش سى-**

ياسى بۇ ۋە باش ئارقا سەپ بۇسىنىڭ 1975 - يىل 10-
ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى «بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىل
ئەتىياز پەسىللىك مىنبىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر»
نى تۆۋەنگە تاقاتتى. «پىكىر» دە: جايلاردىن يېزا
ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈ-
رۈپ، مىنبىنىڭ خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش؛
1975 - يىللىق مىنبىنىڭ جەڭگىۋار تاپانچىلار قوشۇنىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ۋە
تەلىم - تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش؛ قىسىملار مىنبىنىڭ خىز-
مىتىنى بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ياخشى ئىش-
لەش، بىر تۈەن بىر مىنبىنىڭ تۈەنىنى يېتەكلەشنى تەد-
رىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

# 1976 - يىل

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى، زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: ھەر قايسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدان- لىرىنىڭ لىيەنلىرىدە قوراللىق تايانچ مىنبىڭ پەيى، تۇەنلىرىدە قوراللىق تايانچ مىنبىڭ لىيەنى (يېڭى) قۇرۇش؛ 10 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى بار چوڭ تۇەن - مەيدانلاردا قوراللىق تايانچ مىنبىڭ تۇەنى قۇرۇش كېرەك؛ بۇرۇنقى دىجورنى لىيەنلەرنى قوراللىق تايانچ مىنبىڭ لىيەنىگە ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 20 كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون ئۈرۈمچىدە مىنىبىڭ خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)لەرنىڭ، ھەر قايسى ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ ۋە ئاپتونوم رايون، ھەربىي رايوننىڭ ئالاقىدار كەسپىي تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 82 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ھەربىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەملىكەت بويىچە داجەيدىن ئۆگىنىشكە ئائىت ئالاقىدار ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى، جايلارنىڭ باش سەنمۇبۇنىڭ «بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىل ئەتىياز پەسىللىك مىنىبىڭ خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، باش سەنمۇبۇ، باش ئارقا سەپ بۇسى 1975 - يىلى ئاچقان مىنىبىڭ قورال - جابدۇقلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش سەنمۇبۇ ئاچقان مىنىبىڭ خەۋەر - ئالاقە فېندۇيلىرى تەلىم - تەربىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، شىنجاڭدىكى مىنىبىڭ خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىندى، 1976 - يىللىق ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

**1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، ھەربىي سانائەت ئىدارىسى، ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، ھەربىي رايون سىلىڭبۇسى

ۋە ئارقا سەپ بۆسى بىرلىكتە «گوۋۇيۇەن، مەركىزىي
ھەربىي كومىتېت تەستىقلاپ تارقاتقان دۆلەتلىك پىلان
كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىقى، دۆلەت مۇداپىئە سانا-
ئىتى ئىشخانىسى، باش سەنمۇبۇ ۋە باش ئارقا سەپ
بۆسىنىڭ ‹مىنىبىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكلات›نى ئىزچىللاشتۇرۇش
توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى. «پىكىر»دە:
ھەر قايسى ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي
رايونلارنىڭ سىلىڭبۇلىرى قورال - جاب-
دۇقلارنى ئىلتىماس قىلىپ ئېلىپ، تەقسىملەش پىلا-
نىنى تۈزۈپ چىقىش، ئەمەلىي كۈچىنى سىتاتىستىكا قىلىش
ۋە ئىشلىتىش - باشقۇرۇش قاتارلىق كەسپىي خىزمەت-
لەرنى ئىشلەيدۇ؛ ئارقا سەپ تارماقلىرى قورال - جاب-
دۇقلارنى زاكاس قىلىش، تاپشۇرۇۋېلىش، زاپاس ساق-
لاش، سىتاتىستىكا قىلىش - يۆتكەش، رېمونت قىلىش -
باشقۇرۇش ۋە زاپچاسلارنى تەييارلاش قاتارلىق كەسپىي
خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى.
ھەر دەرىجىلىك سىلىڭبۇ ۋە ئارقا سەپ بۆلۈملىرىدىن ئۆت-
كۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى شۇ يىلى 6 -
ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تۈگىتىپ بولۇش تەلەپ قى-
لىندى. مىنىبىڭلارنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى ئارمىيە
بىلەن خەلقنى بىرلەشتۈرۈش، تىنچلىق ۋاقىت بىلەن
ئۇرۇش ۋاقتىنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى بويىچە، ئاسا-

لىقى، يەرلىك زاۋۇتلارغا تايىنىپ، ئۆز جايىدا ۋە يې-
قىن ئەتراپتا رېمونت قىلىش؛ يېزىلاردا يەرلىك
ئورۇنلار رېمونت قىلىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئۆزلىرى رې-
مونت قىلىش، شەھەرلەردە قورال ـ ياراق سەپلەپ بې-
رىلگەن ئورۇنلار ئۆزلىرى رېمونت قىلىش كېرەك، دەپ
ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) مىنبىڭ
قورال ـ جابدۇقلىرىنى رېمونت قىلىش تەشكىلىنى شۇ
يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇپ بولۇش
تەلەپ قىلىندى. شۆبە ھەربىي رايون (جېڭبېيچۇ)-
نىڭ قورال ـ ياراق رېمونتخانىلىرى ئاساسلىقى ھەر
قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر رېمونت قىلالمىغان يېنىك
قوراللار ۋە توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ قىسمەن جايلىرىنى
رېمونت قىلىشقا؛ جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ
ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قورال ـ
ياراق رېمونتخانىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا توپ ـ زەم-
بىرەكلەر ۋە ئوفتىكىلىق ئەسۋابلارنى كىچىك، ئوتتۇرا
ھال ۋە چوڭ رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ مىنبىڭ-
لار ئىچىدىكى خەۋەر ـ ئالاقە، قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرىنىڭ
قورال ـ جابدۇقلىرىنى ھەر دەرىجىلىك خەۋەر ـ ئالاقە
قىسىملىرى ۋە ئالاھىدە قىسىملارنىڭ ئورۇش، تەلىم ـ
تەربىيە تارماقلىرى باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. تۆر-
لۈك رېمونتخانا، قورال ـ جابدۇق ئىسكىلاتلىرىنىڭ

شتاتى، ئىسكىلات كۆلىمى ۋە ھەر خىل ئىشچى - خىز-
مەتچىلەرنىڭ كېلىش مەنبەئى، ماشىنىنى چىقىم قىلىش
ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى (يەنى
شۆبە ھەربىي رايوندىن يۇقىرى مىنبىڭ قورال - جابدۇق
ئىسكىلاتىدا 123 نەپەر رەسمىي ھەربىي، 57 نەپەر خىز-
مەتچى، 21 دانە ئاپتوموبىل بولىدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىك
95 ئىسكىلاتتا 171 ئىشچى - خىزمەتچى بولىدۇ؛ بۇ ئىس-
كىلاتلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 75 مىڭ كۋادرات مېتىر
بولىدۇ، 1976 - يىلى 16 مىڭ كۋادرات مېتىر،
1977 - يىلى 20 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىسكىلات
سېلىپ بولىنىدۇ؛ قورال - ياراق رېمونتخانىسىنىڭ
شتاتىدا 360 ئىشچى - خىزمەتچى، خەۋەرئالاقە سايمان-
لىرى رېمونتخانىسىنىڭ شتاتىدا 58 ئىشچى - خىزمەت-
چى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم بىلەن ئۈ-
رۈمچى جېڭبېيچۈيى ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايونغا
مىنبىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش
ھەققىدە دوكلات يوللاپ، مىنبىڭ خىزمىتىنى خەلق قو-
راللىق بۆلۈملىرىنىڭ باشقۇرۇشى توغرىسىدا تەكلىپ
بەردى، ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون مىنبىڭ
قوماندانلىق شتابىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى دەرھال
تەستىقلىدى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭ يوڭ سىلىڭيۈەن شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا خىزمەت تەكشۈرۈش داۋامىدا مىنبىڭ خىزمىتى ھەققىدە مۇھىم يولیورۇق بېرىپ مۇنداق دېدى: «مىنبىڭ قوماندانلىق شتابلىرىنى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلىرىنى يەرلىك پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەرەپبازلىق مەۋجۇت جايلاردا مىنبىڭ قوماندانلىق شتابىنى قۇرماسلىق لازىم، مىنبىڭ خىزمىتىنى تەرەپبازلىق قارشى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا بولمايدۇ. مىنبىڭلار تەرەپبازلىق قىلسا، ئۇلارنىڭ قورالىنى يىغىۋېلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىنبىڭلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى، تەشكىلىي ئىنتىزامنى تەكىتلىشى لازىم. مىنبىڭ كىچىك فېندۇيلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدىن، ئاممىدىن، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلماسلىقى كېرەك».

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىڭبۇسى تۆۋەنگە «مىنبىڭ خەۋەر - ئالاقە فېندۇيلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. ئۇنىڭدا جايلاردىن 1976 - يىلى ئالدى بىلەن ئۈچتىن بىر قىسىم خەۋەر - ئالاقە فېندۇيلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا چىڭ تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى

جوڭگو ــ سوۋېت، جوڭگو ــ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى رايونلارغا ۋە يېڭىسار، شىخو ناھىيىلىرىگە قارىتىش؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك قوراللىق تايانچ تۇەنلىرىدە 63 خەۋەر ــ ئالاقە لىيەنى، قوراللىق تايانچ يىڭلىرىدا 110 خەۋەر ــ ئالاقە پەيى، قوراللىق تايانچ خەۋەر ــ ئالاقە لىيەنلىرىدە 220 خەۋەر ــ ئالاقە بەنى، زېنىت توپ قوماندانلىق فېندۇيلىرىدە 21 خەۋەر ــ ئالاقە فېندۇيى قۇرۇپ چىقىش تەلەپ قىلىندى.

**5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون ئاچقان مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: جايلاردىكى پارتكوملاردىن ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون 1976 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاچقان مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىنبىڭلارغا بولغان سىياسىي لۇشيەن تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، مىنبىڭ تەشكىلىنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىش، مىنبىڭلارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنى، بولۇپمۇ مىنبىڭ كەسپىي فېندۇيلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش؛ مىنبىڭلارنى جەمئىيەت-

تىكى سىنىپىي كۆرەشكە ۋە ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە
مۇداپىئەسىگە پائال قاتناشتۇرۇش؛ مىنىبىڭ قورال-
جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى ئاپتونوم را-
يون ۋە ھەربىي رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ
«گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەستىقلاپ تار-
قاتقان دۆلەتلىك پىلان كومىتېتى، مالىيەمىنىستىرلىقى،
دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى، باش سەنمۇبۇ،
باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ‹مىنىبىڭ قورال - جابدۇقلى-
رىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكلات› نى
ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»گە، ھەربىي رايون
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ «مىنىبىڭ خەۋەر - ئالاقە قىسىملىرىنى
قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»گە قوشۇلدى ھەمدە جايلارنىڭ
بۇ خىزمەتنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەدرىجىي قانات
يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. «ئۇقتۇرۇش»تا: جەنۇبىي
شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ھەرقايسى
شۆبە ھەربىي رايون ۋە جىڭبېيچۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپى-
سى مىنىبىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىكەنلىكى؛
ھەردەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملار چوقۇم پارتىيە
قوراللىق كۈچلەرنى باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە،
مىنىبىڭ خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ،
يىلدا بىرقانچە قېتىم چىڭ تۇتۇشى لازىملىقى؛ پارت-

كوملارنىڭ مىنبىڭ خىزمىتىگە ئائىت مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەكلىكى قايتا تەكىتلەندى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن ھەربىي رايون «مىنبىڭ قورال- جابدۇقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، بارلىق قورال - جابدۇقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزۈل - كېسىل ئېنىقلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى «كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرلىرىنى تەيىنلەشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانلىقى، شىنجاڭدا زاۋۇت - كان ئورۇنلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى ۋە شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يەرلىك پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىگە ئوخشاش يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، كەسپىي قوراللىق كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قال-

دۇرۇش، ئۇلارنىڭ تەمىناتى، مەجبۇرىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. بەلگىلىمىدە: ئاھالىسى 10 مىڭدىن ئاشىدىغان گوڭشې، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرى ۋە چېگرىدىكى گوڭشېلەرگە ئۈچ نەپەر، باشقا ئورۇنلارغا 1 — 2 نەپەر كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرى سەپلەپ بېرىش؛ زاۋۇت ـ كان، ئالىي مەكتەپ ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن ئىشچى ـ خىزمەتچى (ئوقۇغۇچى) سانى 1000 دىن ئوشۇق ئەمما 5000 غا يەتمەيدىغانلىرىغا ئىككى نەپەر، 5000 دىن ئارتۇقلىرىغا ئۈچ نەپەر كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرلىرى سەپلەپ بېرىش؛ ئادىمى 1000 غا يەتمەيدىغان ئورۇن، مەھەللىلەرگە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خەلق قوراللىق كادىرى قويۇش؛ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار گوڭشې ياكى چېگرا گوڭشېلىرىدە، ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئوقۇغۇچى سانى 1000 دىن ئاشىدىغان زاۋۇت ـ كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىدا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇش، ئۇنىڭ بۇجاڭلىقىنى شۇ ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىش، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مۇئاۋىن بۇجاڭ ۋە سەنمۇ ياكى گەنسى قويۇش بەلگىلەندى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، جياڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت زور بالايى ئاپەتكە خاتىمە بەردى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مىنبەگلاردىن پايدىلىنىپ «ئىككىنچى قوراللىق كۈچ» تەشكىللەپ، پارتىيىدىن هوقۇق تارتىۋالماقچى بولغان سۇيىقەستىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ھەربىي رايون كۆچۈك ناھىيىسىدە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ مىنبەگ خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىن ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى خې لىنجاۋ، ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى لەي گۇاڭشۇن، ئەزىزوپ قاسىملار رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا بىۋاستە قاراشلىق شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ، ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ ۋە تۈەن - مەيدان خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن باشقا، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى شۇنداقلا ئۇلارغا قاراشلىق

شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ قاتناشتى. يى-
غىندا ئاساسلىقى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇ-
رۇلدى، نەق مەيدان ئېكسكورسىيە قىلىندى، شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، مىنىبىڭ خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈش» مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

1976 - يىلى ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي را-
يون شىنجاڭدىكى 86 ناھىيە (شەھەر)دىكى ۋە 145 دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدى-
كى 2781 قوراللىق تايانچ مىنىبىڭ لىيەنىنىڭ قورال -
جابدۇقلىرىنى، شۇنداقلا سابىق بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگى-
لىكشى، تۇەن ئورگىنىدىكى بارلىق قورال - جابدۇق-
لارنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى.

1976 - يىلى چېگرا رايونلارنىڭ ئارمىيە - خەلق
بىرلەشمە مۇداپىئەسى كۈچەيتىلدى. ئالدىنقى يېرىم
يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بويىچە
جەمئىي 187 مىنىبىڭ لىيەنى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى
بىلەن ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى
يولغا قويغان، ئۇنىڭغا 195 مىڭ 400 دىن ئارتۇق مى-
نىبىڭ قاتناشقان، بۇنىڭ ئىچىدە قوراللىق مىنىبىڭ 16
مىڭ 700 دىن ئاشىدۇ. مىنىبىڭلارنىڭ دائىملىق مۇقىم
قاراۋۇلخانىسى 226 گە يەتكەن، ھەر كۈنى 800 دىن

ئارتۇق مىنبىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلغان؛ پەسىللىك قاراۋۇلخانا 200 گە، ھاۋانى كۆزىتىش قاراۋۇلخانىسى توققۇزغا يەتكەن، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى 46 مىنبىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلغان.

1968 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە سوۋېت، موڭغۇلىيە ۋە ھىندىستاننىڭ 81 نەپەر ئىشپىيونى چېگرا رايونىدىكى مىنبىلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت، موڭغۇلىيە ئىشپىيونى 43 نەپەر، ھىندىستان ئىشپىيونى 38 نەپەر. ئۇنىڭدىن باشقا، يان قورال، ئىشپىيونلۇق خىراجىتى ۋە ئىشپىيونلۇق قوراللىرى غەنىمەت ئېلىندى. چەتكە قاچقان 80 دىن ئارتۇق جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلدى، يەتتە قېتىمدا چەتكە قاچماقچى بولغان ئادەمدىن 88 كىشى، 7000 تۇياقتىن ئوشۇق قوي - كالا توسۇۋېلىندى.

## 1977 - يىل

2 - ئايدا ھەربىي رايون ھەربىي كومىتېت شىنجاڭغا بەرگەن ئۇرۇش ۋەزىپىسى ۋە قىسىملارنى كېڭەيتىپ تەشكىللەش لايىھىسىگە ئاساسەن، «قىسىملار بىلەن مىنبىگلار ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ: جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ، بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ ۋە قىسىملارنىڭ ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ، باش ئارقا سەپ بۇسىنىڭ 1977 - يىللىق مىنبىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە مىنبىڭلار ئارىسىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مىنبىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ھەرىكىتى كەڭ قانات يېيىپ كەتتى، يىلدا بىر قېتىم

ئېلىپ بېرىلىدىغان مىنبەرلىك تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن چېتىشلىق ئادەم ۋە ئىشلار ئېنىقلاندى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە باش سەنمۇبۇ سەپەرۋەرلىك بۇيىچە ھەر قايسى ھەربىي رايون سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ بوجاڭلىرىنى يىغىپ باش قوشۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ھەربىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كېلەر يىلى ئېچىلىدىغان مىنبەرلىك خىزمىتى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش؛ قانداق قىلىپ ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ مىنبەرلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش سەنمۇبۇنىڭ «مىنبەرلىكلەرنىڭ 1977 - 1980 - يىللىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. «پروگرامما» دا: تەلىم - تەربىيە فاڭجېنى، پرىنسىپى، ۋەزىپىسى، مەزمۇنى، تەلەپى، ۋاقتى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك قاتارلىق مەسىلەرگە قارىتا كونكرېت بەلگىلىمە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدا: قوراللىق تايانچ مىنبەرلىك تۈەن (يىڭ) لىرىگە قاراشلىق

قىندۇيلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋاقتى يىلىغا 15 ـ 20 كۈن بولۇش؛ زىنت توپ يىلىك، تۇەنلىرىگە قاراشلىق قىندۇيلەرنىڭ 20 كۈندىن كەم بولماسلىقى؛ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە كەسپىكە ئائىت قىندۇيلەر تەلىم تەربىيىنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىش؛ باشقا تايانچ مىنبىڭلار تەلىم ـ تەربىيىسىدە، كىچىك تىپتە، ئۆز جايىدا، تارقاق ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش تەلەپ قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 11 ـ قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئېچىلدى. قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ماۋجۇشىنىڭ خەلق ئۇرۇشى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. دۈشمەن مەيلى بالدۇر ئۇرۇش قوزغىسۇن ياكى كېيىن ئۇرۇش قوزغىسۇن، كىچىك ئۇرۇش قوزغىسۇن ياكى چوڭ ئۇرۇش قوزغىسۇن، دائىمىي ئۇرۇش قوزغىسۇن، ياكى يادرو ئۇرۇشى قوزغىسۇن، ئارمىيىمىز جەزمەن خەلق ئۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرگە قەتئىي تايىنىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك.»

«مىنبىڭ خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا، دالا ئارمىيە، يەرلىك قوشۇن ۋە مىنبىڭدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشتۈرۈلگەن قوراللىق كۈچلەر تۈزۈلمىسى بويىچە،

مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىنى، سىياسىنى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.»

10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ساۋەن ۋە يېڭىسار ناھىيىلىرىدە مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، ئىلغارلار تەقدىرلەندى، مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**1977 - يىلى** چېگرىمىزغا ئەۋەتىلگەن سوۋېت ئىشپىيونىدىن توققۇز قېتىمدا 12سى (قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا بىرى ئېتىۋېتىلدى، بىرى ئۆلۈۋالدى) قولغا چۈشۈرۈلۈپ، دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، چېگرا رايونىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدالدى.

## 1978 - يىل

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايون پارتكومى جىددىي جەڭ ھازىرلىقى ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، «رايونىمىزدىكى قوراللىق تايانچ مىنبەرلەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن 20 كۈن جىددىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش» توغرىسىدا جىددىي يوليورۇق چۈشۈردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە %95 تىن يۇقىرى ناھىيە، (شەھەر، رايون) لەر ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنگىچە باش سىياسىي بۆ بىيجىڭدا مىنبەرلەر سىياسىي خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەرقايسى ھەربىي رايون، دېڭىز ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى سىياسىي بۆ، ئاممىۋى خىزمەت بۆلىرىنىڭ ۋە مىنبەرلەر بۆلۈمى (باشقارمىسى) نىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، جېڭبېيچۇ، گارنىزون رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 82 كىشى قاتناشتى.

يىغىنىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى: قاندا ق قىلىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى چوڭقۇر پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش بويىچە ئۈچىنچى جەنىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش؛ مىنىڭ خىزمىتىمدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تىكى ئۇلغار ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ مىنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئىبارەت بولدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ھەربىي رايونلار يىغىنىنى ئېچىپ، ئارمىيە بويىچە ئېچىلغان مىنىڭ سىياسىي خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى «ھەربىي خىزمەت تۈزۈمى مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. «قارار»دا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1 · 1978 - يىلدىن باشلاپ، مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ مۇددىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا: قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئۈچ يىل؛ ھاۋا ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىدىكى قۇرۇقلۇقتا ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار-

نىڭ ھەمدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئالاھىدە تېخنىك قىسىم-
لىرىنىڭ تۆت يىل؛ دېڭىز ئارمىيە فلوتىدىكىلەرنىڭ
بەش يىل بولىدۇ. 1977 - يىلىدىن بۇرۇن قوبۇل قى-
لىنغان ئەسكەرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتى
يەنىلا بۇرۇنقى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

2. مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئەسكەر-
لەرنىڭ مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋاقتىنى ئېھتىياجغا ۋە ئۆزى-
نىڭ ئىختىيارىغا ئاساسەن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىدە 1 — 3
يىل؛ ھاۋا ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇق-
لۇقتا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قىسىملىرى، قۇرۇقلۇق ئارمى-
يىسىنىڭ ئالاھىدە تېخنىك قىسىملىرىدا 1 — 2 يىل؛
دېڭىز فلوتىدا بىر يىل ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

3. قىسىملاردىكى تېخنىك تايانچىلار قوشۇنىنى
كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇددىتىنى ئاشۇرۇپ ئىشلەۋاتقان قى-
سمەن ئەسكەرلەرنى پىدائىي ئەسكەرلىككە ئۆزگەرتىپ،
قىسىمدا داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولىدۇ. پىدائىي ئەس-
كەرلەرنىڭ ھەربىي خىزمەت مۇددىتى ئادەتتە 15 — 20
يىل بولىدۇ، يېشى 40 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛
ئەگەر ئېھتىياجلىق بولسا، ئۆز ئىختىيارىغا ئاساسەن،
ھەربىي خىزمەت مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

**7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە**

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارا-

رىغا ئاساسەن، باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ ۋە باش ئارقاسەپ بۆسى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى.

يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن، رەئىس دېڭ شياۋپىڭ يىغىننىڭ تەييارلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىپ، مىنبىڭلار-نىڭ ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك»، «مىنبىڭ-لار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇشى لازىم»، «ئۈچ تەرەپ بىرلەشتۈرۈلگەن قوراللىق كۈچلەر تۈزۈلمى-سى، يەنى دالا ئارمىيە، يەرلىك قوشۇن ۋە مىنبىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش — خەلق ئۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مىنبىڭ خىزمىتىنى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك».

يىغىندا ئاساسلىقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ «ئىككىنچى قوراللىق كۈچ» نى كەڭ يولغا قويۇش جى-نايىتى پاش قىلىندى ۋە تەنقىد قىلىندى، مىنبىڭ خىز-مىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى، مىنبىڭ قۇرۇلۇشىغا ئائىت تارىخىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مىنبىڭ خىزمىتى نىزامى (تۈزىتىش

كىرگۈزۈلىدىغان لايىھە)» ۋە «مىنىڭ قورال - جابدۇق-لىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭ ياڭ يوڭ مىنىڭ قورۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە دوكلات بەردى. مۇ-ئاۋىن رەئىس نىې روڭجېن موھىم سۆز قىلدى، مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭ جاڭ سەيچيەن، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇلىچىڭ، باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى لى يۈەن ۋاتارلىق يولداشلارمۇ سۆز قىلدى.

مۇئاۋىن رەئىس يې جيەنيىڭ، شۈشياڭچيەنلەر يىغىنغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

ھەرقايسى چوڭ ھەربىي رايون، ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، ئارمىيە تۈرى، ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ رەھبەرلى-رى، شۇنداقلا بىر قىسىم شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھى-يىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، ئۆلكى-لىك (شەھەرلىك)، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەس-ئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 413 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىن-غاندىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، ئالدىن-قىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، كەڭ مىنىگلارنى يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنى ئەمەل-گە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىرغان سەپەرۋەر-لىك يىغىنى بولدى.

يىغىنىدىن كېيىن تۆۋەندىكى مۇھىم ھۆججەتلەر تارقىتىلدى:

1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش نىيې روڭجېننىڭ سۆزىنى ۋە يولداش ياڭ يوڭنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقاتتى (10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى).

2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ھەربىيلەر خىزمىتى نىزامى» نى قايتىدىن ئېلان قىلدى( 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى).

3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «خەلق گوڭشىسى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرلىرىنى سەپلەپ بېرىش پرىنسىپى ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى [10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يەنى مەركەزنىڭ (1978) 64 - نومۇرلۇق ھۆججىتى].

4. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملارنىڭ خەلق قوراللىق كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى (11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى).

5. باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ، باش ئارقا سەپ بۇسى جاڭ سەيچيەن، شۈلىچىڭ، لى يۈەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ مەملىكەتلىك ھەربىيلەر خىزمىتى يىغى-

مىدا قىلغان سۆزىنى تەستىقلاپ تارقاتتى (10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى).

6. باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ، باش ئارقا سەپ بۇسى «مىنىڭ خىزمىتىدە ‹ئۇچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش› بويىچە ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە» نى تارقاتتى (9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى).

7. باش سەنمۇبۇ، باش ئارقا سەپ بۇسى «مىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى (8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى).

8. باش سەنمۇبۇ «مەملىكەت بويىچە قوراللىق مىنبىگلارنىڭ 1978 — 1982 - يىللىق تەرەققىيات پىلانى» نى چۈشۈردى (8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى).

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سودا مىنىستىرلىقى، باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ، باش ئارقا سەپ بۇسى «خەلق گوڭشىلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي خەلق قورالىق كادىرلىرىغا قوشۇمچە ئاشلىق ۋە خىزمەت كېيىمى تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا: «كەسپىي قورالىق كادىرلارنىڭ مىنبىگلارنى ھەربىي - تەلىم تەربىيىگە تەشكىللەش، مىنبىگلارنى باشلاپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە چارلاشقا قاتنىشىش

ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئۇلارغا بىر يۈرۈشتىن خىزمەت كىيىمى، بىرجۈپتىن ئا-دەتتىكى رېزىنكە ئاياغ تارقىتىپ بېرىش قارار قىلىن-دى» دەپ كۆرسىتىلدى.

9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومىي جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا مىنىبىك خىزمىتى يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. قارار دا يىغى-نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مەملىكەتلىك مىنىبىك خىز-مىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇ-رۇش، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ شۇنداقلا لوڭ شۇجىنىڭ مىنىبىك قورۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش، مىنىبىك خىزمىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش، پىلانلارنى مۇزاكىرە قىلىش، تەد-بىر تۈزۈپ چىقىش، رايونىمىزنىڭ مىنىبىك قورۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مىنىبىك خىزمىتى يىغى-نى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە داۋام قىلدى. يىغىنغا شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيىلەرنىڭ، شۇنداقلا

شۆبە ھەربىي رايون، جېڭبېيچۇ، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن- مەيدانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئاپتونوم رايون، ھەربىي رايوندىكى ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە كەسپىي كادىرلاردىن بولۇپ جەمئىي 214 كىشى قاتناشتى. يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، ئىككى پارتكوم يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، سىلىڭيۈەن ليۇ جېن، جىڭۋېي گو لىنشياڭلار يوليورۇق بەردى. شۈجى تۆمۈر داۋامەت، جىڭۋېي گو لىنشياڭ، مۇئاۋىن سىلىڭيۈن ليۇ فاشيۇ، مۇئاۋىن جېڭۋېي كاڭ لىزىلار يىغىندا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مەملىكەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مىنبىڭ خىزمىتىگە قوش رەھبەرلىك قىلىش ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خەلق قوراللىق كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت مىنبىڭلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى مۇجمەل تونۇشلىرى تەدرىجىي تۈگىتىلدى، مىنبىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر دەرىجىلىك مىنبىڭ تەشكىللىرى مەملىكەتلىك مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يېتەكچى قىلىنغان ھالدا تەرتىپكە سېلىندى. تەشكىلنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، جايلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش پىلا-

نىنى ئاساسلىق ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، دالا ئار-مىيىسىنى تولۇقلايدىغان، يەرلىك قىسىملارنى تەشكىللەي-دىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىدى.

10 - ئايدا ھەربىي رايون ھەرقايىسى جايلارغا «بىر-نى تەنقىد قىلىش، ئىككىگە زەربە بېرىش» ھەرىكىتى داۋامىدا يىغىۋېلىنىپ، پېچەتلەپ ساقلىنىۋاتقان 200 نەچچە مىڭ تال مىنىڭ قورالىنى تارقىتىپ بېرىشتىن سىرت، يەنە 15 مىڭ تالدىن ئوشۇق ھەرخىل قورال-جابدۇق، 3157 توننا ئوق - دورا تارقىتىپ بېرىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا يېڭىدىن قۇرۇلغان قوراللىق تايانچ مىنىڭ لىيەنلىرىنى قوراللاندۇردى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باش سەنمۇ بۇنىڭ سەپەر-ۋەرلىك بۆلۈمى بىلەن باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ قورال - ياراق بۆلۈمى گۇاڭشىنىڭ لىيۇجۇ شەھىرىدە مىنىڭ قورال-جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا ھەرقايىسى ھەربىي رايونىنىڭ سەپەرۋەر-لىك بۆلۈمى ۋە قورال - ياراق بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونىنىڭ سىلىگبۇ، ئارقا-سەپ بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە سەپەرۋەرلىك باشقارمى-

سى، قورال - ياراق باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىرى، ئىل-
غار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 182 كىشى
قاتناشتى.

يىغىندا مەملىكەتلىك مىنبەلىك خىزمىتى يىغىنىنىڭ
ۋە (186) - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇ-
رۇلدى، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، تەدبىرلەر تۈزۈپ
چىقىلدى.

11 - ئايدا باش سەنمۇبۇ «ھەربىي سەپتىن بوشى-
غان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، چېكىنگەن ھەربىيلەرنى
زاپاس ھەربىيلىك رويىخېتىگە ئېلىش، ستاتىستىكى-
لاش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇ-
رۇش» تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «ھەربىي سەپ-
تىن چېكىنگەن جەڭچىلەرنى رويىخەتكە ئېلىش جەد-
ۋىلى»، «ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى زاپاس
ھەربىيلىك رويىخېتىگە ئېلىش، ستاتىستىكىلاش جەد-
ۋىلى» نى تارقاتتى ھەمدە جايلاردىن رويىخەتكە
ئېلىش خىزمىتىنى ھەر يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن
جەڭچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەش،
بۇ جەھەتتىكى مەلۇماتلارنى قەرەللىك ھالدا ستاتى-
ستىكىلاپ يۇقىرىغا يوللاشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى
كۈزدە، ھەربىي رايون چاقىرغان ئەسكىرىي خىزمەت
يىغىنىدا بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئۆگىنىلدى، مۇزاكىرە قىلىندى

ۋە بۇ ھەقتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. 1979 - يىلى ئەتىيازدىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، باش شىتاب، باش سىياسىي بۆلۈم «ئەسكەرلىككە چاقىرىلمىغانلارنىڭ سىياسىي شەرتى توغرىسىدا بەلگىلىمە» تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ «پارتىيىنىڭ تەركىبىگە قاراش، ئەمما تەركىبۋازلىق قىلماسلىق، مۇھىمى سىياسىي ئىپادىسىگە قاراش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش» نى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1971 - يىلى 12 - ئايدا تارقىتىلغان «ئەسكەرلىككە چاقىرىلمىغانلارنىڭ سىياسىي شەرتى توغرىسىدا بەلگىلىمە» نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايون جىددىي جەڭ ھازىرلىقى ىغىنىنى ئاچقاندىن تارتىپ، 1979 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە قەدەر، يەنى گۇاڭشى ۋە يۈننەندىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىمىز ئۆزىنى قوغداش يۈزىسىدىن ۋيېتنامغا قايتۇرما زەربە بېرىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چېگرا سىرتىدىن قايتىپ كىرگىچە، ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايون ...

تۈردا ئورنىدا يېزىش تەرەققىياتى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئىلگى-
رىكىگە قەدەر، ھەرقايسى جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن جەنۇبتا ئۇرۇش قىلىش - شىمالدا مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت جەڭ ھازىرلىقى سەپەرۋەرلىكى ئېلىپ بېرىلدى، ئومۇميۈزلۈك ھالدا پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، بوشىغان، كەسىپ ئالماشتۇغان ھەربىيلەر ۋە مىنبىك كادىرلىرى قاتناشقان ھەرخىل سۆھبەت يىغىنلىرى ھەم دوكلات يىغىنلىرى ئېچىلدى، قاتلاملار بويىچە يېرىم ئاشكارا ھالدا تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلدى. شۇ ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە كەڭ مىنبىكلار بىر قېتىملىق چوڭقۇر جەڭ ھازىرلىقى تەربىيىسىگە ئىگە قىلىندى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ئۇرغۇتۇلدى. نەتىجىدە، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى، ئاياللار ئەرلىرىنى ئۇزۇتۇپ قويۇش، ھەر مىللەت مىنبىكلىرى جىددىي جەڭ ھازىرلىقى كۆرىشكە ئاكتىپ قاتنىشىشتەك جانلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

بۇ مەزگىلدە، قوراللىق تايانچلار تۇەنىدىن 77 سى، يىگىدىن 209 ى، لىيەنىدىن 3045 تەكشەلدى، تەكشەلگەن مىنبىك تەشكىلىنىڭ ئادەم سانى 470 مىڭدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، زەمبىرەك تۇپچىلار يىگىدىن توققۇزى، لىيەنىدىن 71 ى بولۇپ، جەمئىي 8000 دىن ئارتۇق مىنبىك تەكشەلدى؛ ناھىيىلەردە دادۇيلەر قورۇل-

دى، ئۇلار سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرىدىغان جەلق هاز لى-
قى ماددىي ئەشيالىرى مەسىلىسىنى ئۆزلىرى هەل قىلىپ،
قىشتا پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى-
گە ئىگە بولدى، بۇنىڭغا قاتناشقان ئادەم سانى 600
مىڭدىن ئاشتى. شىخەنزە، يىقىلغان تاش، لوگكۇدۇ قا-
تارلىق ئالتە مۇهىم نۇقتىدا ئالتە مىنبىلىك مۇهاپىزەت
يىگى، 30 لىيەندۆي تەشكىللەندى، بۇنىڭغا قاتناشقان
ئادەم سانى 4000 دىن ئاشتى.

**12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم ۋە هەربىي رايون پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ئاسا-
سەن، بىڭتۇەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرىدىكى سابىق دى-
جورنى لىيەنلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى (ئۇلار يەنىلا قو-
راللىق تايانچ مىنبىلىك لىيەنى دەپ ئاتالدى). بىرىنچى
قەدەمدە 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر 110 لىيەن قۇرۇل-
دى. ئارقىدىن، سابىق ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
بىڭتۇەنىنىڭ چېگرا تۇەن - مەيدانلىرىدىكى 139 قو-
راللىق دىجورنى لىيەن تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
دىجورنى لىيەنلەرنىڭ هەرخىل جەڭ هازىرلىقى خىزمىتى-
گە دەرهال ئاتلىنالايدىغان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش
ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى تۇەن - مەيدانلار دىجورنى لىيەن-
لەرگە شىنگلى تانىسى، سومكا، سۇدان، ئوزۇق - تۈلۈك
خالتىسى، ناسىلكا، قازان - قۇمۇچ ئېلىپ بەردى، ئو-

زوق ـ تۇلۇك، يەم ـ خەشەك، دورا ـ دەرمەك، ئاپتوموبىل ۋە ئات ـ ئۇلاق تەييارلاپ بەردى. 1979 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە دېجورنى لىيەنلەر تولۇق جابدۇنۇپ، جىددىي جەڭ ھازىرلىقى مەشقى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان جەڭگە ئاتلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

1978 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 479 مىڭ 430 نەپەر مىنبىڭ تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە قوراللىق تايانچ مىنبىڭ 338 مىڭ 217 نەپەر بولۇپ، قوراللىق تايانچ مىنبىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 70% نى ئىگىلىدى. كۇرسقا ئۇيۇشتۇرۇلغان كەسپىي قوراللىق كادىرلار ۋە مىنبىڭلارنىڭ يىڭجاڭ، لىيەنجاڭلىرى 16 مىڭ 741 نەپەر بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 69% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تايانچ مىنبىڭلاردىن 120 مىڭ 269 نەپىرى تەربىيىلەندى، جەمئىي 363 مىڭ 592 مىنبىڭ جەڭگىۋار ئېتىشقا، 115 مىڭ 758 مىنبىڭ جەڭگىۋار گراناتا تاشلاشقا قاتناشتى، ھەرخىل كەسپىي تېخنىك قىسىم ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ھەربىي رايون 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا بىۋاسىتە قاراشلىق توپچىلار تۇەنىدە 45 كۈن ۋاقىت بىلەن بىر قارار مىنبىڭ توپچىلار قوماندانلىق قىسىمدىكىلەرنى تايانچلىرى

كۇرسى ئېچىپ، 34 نەپەر خەرىتە سىزغۇچى، 22 نەپەر ئارىلىق ئۆلچىگۈچى خادىمنى تەربىيىلىدى. ھەربىي را- يون يەنە بەش مىنبىنىڭ توپچىلار لىيەنىنى شىنجاڭ بويىـ چە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان توپچىلار بىلەن ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرىنىڭ بىرلەشمە مانېۋىرىغا قاتناش- تۇرۇپ، مىنبىڭلارنى ئەمەلىي جەڭدە چېنىقىش ئىمكانىـ يىتىگە ئىگە قىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1978- يىلى ھەرقايسى ھەربىي رايون ۋە شۆبە ھەربىي رايونلار 22 قارار ھەرخىل كۇرس ئېچىپ، 81% كەسپىي قوراللىق كادىرنى ۋە 102 نەپەر رەسمىي ھەربىي خىزمەت كادى- رىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىگەن. ناھىيە، شەھەر دە- رىجىلىك ئورۇنلار 391 قارار ھەرخىل كۇرس ئېچىپ، يىلىك، لىيەن دەرىجىلىك مىنبىنىڭ كادىرلىرىنىڭ 67.9% ىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىگەن.

## 1979 - يىل

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىنبىڭ زېنىت توپچىلار يىگى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئۈرۈمچىدە مىنبىگلار-دىن تەركىب تاپقان ئۈچ زېنىت توپچىلار يىگى، 23 زېنىت پىلىموت لىيەنى، بەش خەۋەر - ئالاقە لىيەنى، تۆت خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش لىيەنى (جەمئىي 3744 كىشى)نى يېڭىدىن قۇردى، ئۇلارغا 37 مم لىق قوش ئىستۇۋۇللۇق زېنىت توپتىن 54 ى، 12.7 مم لىق زېنىت پىلىموتتىن 207 سى، ھەرخىل يېنىك قوراللاردىن 562 سى تولۇقلاپ بېرىلدى. ئۇندىن باشقا، توققۇز مىنبىڭ زېنىت توپچىلار يىگى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆڭسەن، «1 - ئىيول توقۇمىچىلىق فابرىكىسى»-نىڭ جەنۇبى، جىڭجۇسەن، باۋتاسەن، پىڭدىڭسەن، ئۈرۈمچى پولات زاۋۇتىنىڭ شەرقى، شۇنداقلا جىجىاۋزا قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ زېنىت توپچى قىسىملىرى، ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرى بىلەن مىنبىگلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى

شەكىللەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچى رايو-
نىنىڭ غەربىي شىمال يۆنىلىشىدىكى تانكىدىن مۇداپىئە
كۆرۈش خەندەكلىرىنىڭ ئورنى بېكىتىلدى ھەمدە ئۇ
تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈل-
دى. ئېتىش، پارتلىتىش، توسۇشنى ئورگانىك ھالدا
بىرلەشتۈرۈپ، تانكىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، يېڭى شەھەر رايونىنىڭ تانكىدىن مۇداپىئە
كۆرۈش بەلبېغىدا يېڭىدىن تانكىغا قارشى ئوت قورال-
لىرى فېندۇيىدىن 23 ى، خوجىيەنتۇڭ بەنىدىن 41 ى قۇ-
رۇلۇپ، تانكىغا قارشى تۇرۇش نۇقتىلىرى دەسلەپكى
قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شە-
ھەر رايونى ئايرودورومىدىكى ھاۋادىن چۈشۈشكە قارشى
تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان گۈڭشېلەردە يېڭىدىن
زېنىت پىلىموت فېندۇيلىرى قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى-
نىڭ ھاۋادىن چۈشۈشكە، ھاۋا ھۇجۇمىغا، تانكىغا قارشى
تۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

**2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك،
ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ خەلق قورال-
لىق كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا
ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قوراللىق كومىتېتىغا يولداش تۆمۈر داۋامەت مۇدىر، يولداش لىيۇفاشىيو، لىيۇيىسۇن، جولىنۇك، شۆگۇۋاڭلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

قوراللىق كومىتېتنىڭ ئىشخانىسى ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىدە تەسىس قىلىندى.

2-ئاينىڭ 6-كۈنى گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «مىنبىلىك خىزمىتىگە ئائىت ئىككى ھۆججەتنى بىكار قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا: «گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 1973-يىلى تارقاتقان 162-نومۇرلۇق ھۆججەت ۋە 1974-يىلى تارقاتقان 104-نومۇرلۇق ھۆججەت خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىكار قىلىندى» دەپ كۆرسىتىلدى.

(ئىزاھات: 162-نومۇرلۇق ھۆججەت دېيىلگەندە، «شاڭخەي شەھىرىنىڭ مىنبىلىك خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، 104-نومۇرلۇق ھۆججەت دېيىلگەندە، باش سەنمۇ بۇ ئاچقان «مىنبىلىك تەلىم-تەربىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

3-ئاينىڭ 8-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى «گوۋۇيۈەن ۋە

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مىنبىنىڭ خىزمىتىگە ئائىت ئىككى ھۆججەتنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى «ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا: بۇرۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىنبىنىڭ خىزمىتىدە بۇ ئىككى ھۆججەت ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىزچىللاشتۇرۇلغانىدى، شۇڭا بۇ ئىككى ھۆججەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تارقىتىلغان ھۆججەتلەر، شۇنداقلا باشقا ھۆججەتلەردىكى بۇ ئىككى ھۆججەت بىلەن ئالاقىدار مەزمۇنلار بىردەك بىكار قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

**4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تېلېگرامما ئارقىلىق 1979 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

**7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، كادىرلار ئىدارىسى، ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى «كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ كەم شتاتىنى تولۇقلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1978)

64 - نومۇرلۇق ھۆججىتى يەنى «خەلق گۇڭشېلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا كەسپىي قوراللىق كادىرلارنى سەپلەپ بېرىش پرىنسىپى ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، نۆۋەتتە شىنجاڭدا كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ خېلى كۆپ كەم ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يىل يېڭىدىن قوشۇپ بېرىلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆرسەتكۈچىدىن 300 سان ئاجرىتىپ، ئاساسلىقى چېگرا 1 - سېپىدىكى خەلق گۇڭشېلىرى ۋە نۇقتىلىق خەلق گۇڭشېلىرىدىكى كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ كەم سانىنى تولۇقلاش، يېتىشمە-گەن قىسمىنى ئىمكان قەدەر خىزمەتتىكى كادىرلار ئارىسىدىن تەڭشەش قارار قىلىندى.

**8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 - ئاينىڭ بېشىغىچە** باش سەنمۇ بۇ چاقىرغان ئەسكىرىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا ئەسكەر چاقىرىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىندىن كېيىن، باش سەنمۇ بۇ «دېڭىز ئارال-لىرىغا ۋە چېگرا ناھىيىلەرگە جايلاشقان قىسىملاردىكى كادىرلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەسكەر بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تېلېفون ئۇقتۇرۇشى» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا بۇندىن كېيىن ئەسكەر چاقىرغاندا، يۇقىرىقى-دەك قىسىملار تۇرۇشلۇق جايلارغا ئەسكەر چاقىرىش

ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بېرىش ئارقىلىق، قىسىملاردىكى كادىرلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەسكەر بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەلەپ قىلىندى.

شۇ يىلى قىش پەسىللىك ئەسكەر چاقىرىش مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى بىردىن نۇقتىدا ئەسكەر چاقىرىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش سىنىقى ئېلىپ باردى. ھەر قايسى جايلار قىسىملار تۇرۇشلۇق ئورۇنلارغا ئەسكەر چاقىرىش ۋەزىپىسىنى تەقسىملىگەندە ئەر ئەسكەرلەرنى ئېلىشتا ئېھتىياجنى قاندۇرۇش، ئايال ئەسكەرلەرنى ئېلىشتا ئېتىبار بېرىشنى ئاساسىي جەھەت-تىن ئىشقا ئاشۇردى. شۇ يىلى چاقىرىلغان ئەسكەرلەر سانى تۇنجى قېتىم 10 مىڭدىن ئاشتىلا ئەمەس، بەلكى 15 مىڭ 189 غا يەتتى.

شىنجاڭدا مەنبەلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زاپاس ئەسكەرلەرنى ھازىرلاش ۋە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى تېجەپ قىلىش ئۈچۈن، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون ھەر يىلى شىنجاڭ-لىق ئەسكەرلەرنى ئىمكان قەدەر كۆپرەك قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

تۈنجى قېتىم 2000 نەپەر شىنجاڭلىق خەنزۇ ئەسكەر ئىچكىرى ئۆلكىگە قوبۇل قىلىنىپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە 20 ـ بازىغا تەقسىم قىلىندى.

**11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، كادىرلار ئىدارىسى، ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ «كەم كەسپىي قوراللىق كادىرلارنى تولۇقلاش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلىدى: بۇ يىل 7 ـ ئايدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق گوۋاردىيىلىرىگە 300 نەپەر كەسپىي قوراللىق كادىر تولۇقلاپ بېرىلدى. لېكىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ۋە ئۆتكەن يىل 10 ـ ئايدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنىدا بېكىتىلگەن شىنجاڭ رايونىدا كەسپىي قوراللىق كادىرلارنى سەپلەش تەلىپىگە ئاساسلانغاندا، يەنە 1287 نەپەر كەسپىي قوراللىق كادىر كەم (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق گوۋاردىيىلىرى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق رايون، بازارلاردا 800 نەپەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىدا 487 نەپەر كەم). شۇڭا، بۇ يىل يېڭىدىن قوشۇپ بېرىلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر

كۆرسەتكۈچىدىن يەنە 800 سان ئاجرىتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق گوگىشىبلىرى ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق رايون، بازارلارنىڭ كەم كەسپىي قوراللىق كادىرلىرى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرى كەسپىي قوراللىق كادىرلارنىڭ كەم قىسمىنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن تەكشەپ تولۇقلىشى، يەنى ھەربىي سەپتىن كەسپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە مىنبىڭ خىزمىتى ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا كادىرلار ئىچىدىن تاللاپ تولۇقلىشى، شۇ ئارقىلىق، 1980 ـ يىل ئىچىدە ھەممىسىنى تولۇقلاپ بولۇشى كېرەك.

**12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «مىنبىڭلارنىڭ 1980 — 1982 ـ يىللىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى. يوليورۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

باش سەنمۇبۇنىڭ 1979 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «مىنبىڭلارنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق»ىنىڭ روھىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا «تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىسى»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك يوليورۇق بېرىمىز:

1. «تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىسى»نى ئورۇنداش مۇددىتى تەكشەلدى.

باش سەنمۇبۇنىڭ گوۋۇيۇەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەرىپىدىن تەستىقلاپ تارقىتىلغان «مىنبىڭلارنىڭ 1977 — 1980 ـ يىللىق ھەربىي تەلىم-تەربىيە پروگراممىسى»نى ئورۇنداپ بولۇش ۋاقتى 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزارتىلدى.

2. تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مىنبىڭ لىيەنجاڭ، يىڭجاڭلىرى ۋە قو-راللىق تايانچ مىنبىڭلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى نۇقتىلىق تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىسمەن تايانچ مىنبىڭلار ۋە باشقا مىنبىڭ كادىرلىرىنىڭ تەلىم ـ تەر-بىيىسىنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

3. كادىرلار ۋە كىچىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيە-لەشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

4. ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر تەلىم ـ تەر-بىيە مەزمۇنىنى ئۆزلىرى بېكىتسە بولىدۇ.

5. گوۋۇيۇەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت قوراللىق تايانچ مىنبىڭلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋاقتى 15 — 20 كۈن بولۇشى؛ مىنبىڭ زېنىت توپ يىڭ، تۇەنلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋاقتى 20 كۈندىن كەم بولماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلىدى.

6. تەلىم - تەربىيە ماددىي ئەشيالىرىنى چىڭ باشقۇرۇش كېرەك.

7. زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى داۋاملىق ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

# 1980 - يىل

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «1980 — 1982 - يىللىق مىنبىك كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلىرى تەلىم - تەربىيە پىلانى توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈردى. جايلار ھەر خىل كەسپىي تېخنىك قىنىدۇيلىرىنىڭ تېخنىكا - تاكتىكا تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتتى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باش سەنمۇبۇ سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى بېيجىڭدا ھەربىي رايون سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭلىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. سۆھبەت يىغىنىدا مىنبىك تەشكىلىنى تەكشۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش، ھەربىي خىزمەت قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىنغا ھەر قايسى ھەربىي رايون سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭلىرى، ئارمىيە تۈرى، ئەسكىرىي تۈرلەر ۋە ئۈچ باش بۆلۈمگە ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ كادىرلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 60 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى باش سەنمۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ «مىنبىڭ تەشكىلىنى تەكشەش، ئىسلاھ قىلىشنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا تەكشەش، ئىسلاھ قىلىشقا ئائىت تۆۋەندىكىدەك تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: (1) مىنبىڭ تەشكىللەش دائىرىسىنى تارايتىش؛ (2) مىنبىڭ تەشكىلىگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ياش چەكلىمىسىنى كىچىكلىتىش؛ (3) مىنبىڭلارنىڭ تەشكىلىي قاتلىمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش؛ (4) مىنبىڭلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ (5) مىنبىڭ تۈزۈمى بىلەن زاپاس ھەربىيلىك تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرۈش. ئۇقتۇرۇشتا يەنە ھەر قايسى ھەربىي رايونلاردىن بۇ ھەقتە تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ۋە سىناق ئېلىپ بېرىش ھەمدە باش سەنمۇبۇغا يازما دوكلات يوللاش تەلەپ قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «مىنبىڭ قورال ـ ياراقلىرىنى چىڭ باشقۇرۇپ، قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلار توغرىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى:

1. مىنبىڭ قورال ـ ياراقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەي-

تىش، قورال ـ ياراق باشقۇرۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك.

2. قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، قورال ـ ياراق ئوغرىلىغان جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش كېرەك.

3. ئوق ـ دورىلارنى تارقىتىش دائىرىسىنى تېزگىنلەپ، ئوق ـ دورىلارنى چىڭ باشقۇرۇش كېرەك. تىنچلىق مەزگىلىدە، چېگرا مۇداپىئەسى، دېڭىز ئاراللىرى، جەڭ ھازىرلىقىدىكى ئوقتىلىق رايونلاردىن سىرت، مىنبىڭ لىيەنلىرىگە ئومۇمەن ئوق ـ دورا تارقىتىپ بەرمەسلىك لازىم.

4. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ قورال ـ ياراق باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

5. قورال ـ ياراق ئىسكىلاتلىرىغا بولغان مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىش كېرەك. قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلار مەسئۇلىيەتسىزلىك سەۋەبىدىن ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

**5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «مىنبىڭ تەشكىلىنى تەكشەش، ئىسلاھ قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىر ناھىيىدە، شىمالىي شىنجاڭدىن بىر چېگرا

مۇداپىئە ناھىيىسىدە ۋە بىر يېزا ئىگىلىك تۇەن - مەيدانىدا، شەرقىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بىر رايونىدا، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى فۇكاڭ ناھىيىسىدە مىنبىڭ تەشكىلىنى تەگشەش، ئىسلاھ قىلىش بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىشنى بېكىتتى. سىناق خىزمىتى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى باشلاندى. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملارنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ناھىيىلىك، رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، قوراللىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرى، يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. سىناق خىزمىتى يەرلىكنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇش، تايانچلارنى تەربىيىلەش، تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، تەشكىلنى تەگشەش، كادىرلارنى تەيىنلەش، خىزمەتلەرنى يەكۈنلەش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىككى ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلدى. سىناق ئارقىلىق، يېڭى ۋەزىيەتتە مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىسى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىندى، مىنبىڭ تەشكىلىنى تەگشەشكە ئائىت تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ «مىنبىڭ قورال-ياراقلىرىنى چىڭ باشقۇرۇپ، قورال - ياراق، ئوق - دورىلار ئوغرىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تۈۋەنگە تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: ھەر قايسى ھەربىي رايون، ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت، شۆبە ھەربىي رايون ۋەخەلق قوراللىق بۆلۈم-لىرىدىن ئالدىنقى يېرىم يىلدا مىنبىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىش ۋە تەرتىپكە سېلىش، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايون-لىرى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تەكشۈرۈش ئەھۋا-لىنى ئاپتونوم رايونۋە ھەربىي رايونغا ئايرىم - ئاي-رىم ھالدا يوللاش تەلەپ قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «باش سەنمۇبۇنىڭ بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ ‹مىنبىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى، خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغۇۋېلىش تەلىم - تەربىيىسى بويىچە چاقىرىلغان مۇھاكىمە نەق مەي-دان يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات›نى ئىز-چىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى.

ئۇقتۇرۇشتا: رايونىمىزدا مىنبىڭ پارتىزان ئەترى-

تى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئەھمى-
يىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە مىنبىنىڭ پارتىزان ئەت-
رىتىنى قۇرۇش پىلانى، پارتىزان ئەترىتىنىڭ شتاتى،
ئوقلارغا قورال - ياراق تارقىتىپ بېرىش، تېخنىكا، تاك-
تىكا جەھەتتىن تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق
خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، پارتىزان ئەترىتىگە بول-
غان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكە ئوخشاش مەسى-
لىلەر ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي
كومىتېت «باش سەنمۇ بۇنىڭ ‹بوشىغان ھەربىيلەرنى
زاپاس ھەربىيلىك رويخېتىگە ئېلىش، ستاتىستىكا قى-
لىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە›سىنى تارقىتىش
توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. شۇ يىلى 11 -
ئايدا، باش سەنمۇبۇ بوشىغان ھەربىيلەرنى زاپاس ھەر-
بىيلىك رويخېتىگە ئېلىش، ستاتىستىكا قىلىش كەسپىي
بويىچە سەنمۇ خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى،
كۇرسقا ھەربىي رايوندىن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي
شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىدىن بىردىن
ئادەم قاتناشتى.

8 - ئايدا ھەربىي رايون «مىنبىنىڭ پارتىزان ئەترى-
تىنىڭ 1981 — 1985 - يىللىق تەلىم - تەربىيە پىلانى»-
نى چۈشۈردى.

**9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە** شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا قانداق قىلغاندا تاغلىق رايونلارغا تايىنىپ، تۈزلەڭلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تانكا يوقىتىش ئاساس قىلىنىغان پارتىزانلىق ئۇرۇش تېخنىكا- تاكتىكا تەلىم - تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئۈچۈن، شىخەنزە شەھىرىدە مىنبىڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ تانكا يوقىتىش تەلىم - تەربىيىسى بويىچە مۇھاكىمە نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. يىغىن جەريانىدا، 143 - تۇەن - مەيدانىنىڭ مىنبىڭ پارتىزان ئەترىتى مىنبىڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ تۈزلەڭلىكتە تانكا يوقىتىشى، مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن دۈشمەن تانكىسىنى يوقىتىشىغا ماسلىشىشى، كېچىسى دۈشمەننىڭ چارلىغۇچى تانكىسى ۋە بىرونېلىق ئاپتوموبىللىرىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىشى؛ دۈشمەننىڭ ماي تۇرۇبىسى ۋە ماي پونكىتلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى قاتارلىق بەش تۈر بويىچە ئەمەلىي ماھارەت كۆرسىتىپ بەردى.

**12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى** باش سەنمۇبۇ، باش سىياسى بۇ بېيجىڭدا مىنبىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

يىغىنىدا «مىنبىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى يولىيورۇق سوراش دوكلات»ى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىنغا ھەرقايسى ھەربىي رايونلارنىڭ سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى ۋە ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭلىرى ھەم تەشكىلىي سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلارنىڭ سىناق ئەھۋالىنى بىلىدىغان تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ياكى كەسپىي باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى. مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭ خې جىڭۋېن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، بۇجاڭ ساۋ يۈگۋاڭ يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باش سەنمۇبۇ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا «مىنبىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق سوراش دوكلاتى» نى رەسمىي يوللىدى.

**12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى باش سەنمۇبۇ 1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تارقاتقان «مىنبىڭلارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى سىناق قىلىش توغرىسىدا پىكىر» نىڭ روھى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا، «مىنبىڭلارنىڭ 1981 — 1982 - يىللىق ھەربىي تەلىم تەربىيىسى توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش»

تارقاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى، ھەرقايسى شۆبەھەربىي رايونلار ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى، قوللىشى ئارقىسىدا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىندىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل ئىسلاھ قىلىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىنبىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئۇسۇلى، تەجرىبىلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەندى.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايون بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «مىنبىڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ 1981—1985- يىللىق تەلىم - تەربىيە پىلانى» ۋە مىنبىڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ بەش يىللىق تەلىم - تەربىيە دەرسلىك جەدۋىلى (يەنى: 1 - يىلى قولىدىكى قورال- جابدۇقلارنى پىششىق بىلىشنى ئاساس قىلىش؛ 2 - يىلى باشقا قورال - جابدۇقلارنى ئۆگىنىش؛ 3 - يىلى كەسپىي تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، تېخنىكا جەھەتتە بىر ئەسكەر كۆپ خىل ماھارەتكە ئىگە بولۇش بويىچە ئاساس سېلىپ بولغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا تاكتىكا بويىچە ئاساس سېلىش تەلىم - تەربىيىسى ۋە ھەرخىل ئەنئەنىۋى ئۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئەمەلىي مانېۋىر ئېلىپ بېرىش) نى تارقاتتى.

1980 - يىلى ھەربىي كومىتېت سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ھەربىي رايون ئۇرۇش لايىھىسىگە ئاساسەن، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش پىلانىغا قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزدى.

## 1981 - يىل

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى باش سىياسىي بۆ-لۈمىنىڭ 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى «مىنبەگ-لەرنىڭ سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يىكىر»ى [يەنى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ (1981) 8 - نومۇرلۇق ھۆججىتى] نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. تەربىيە مەزمۇنى جەھەتتە، ئاساسلىقى، ئىككى تەرەپنى تۇتۇش: بىرى مىنبەگلەرنىڭ ئاساسىي بىلىم تەربىيىسىنى تۇتۇش؛ يەنە بىرى ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئائىت سىياسەت تەربىيىسىنى تۇتۇش.

2. تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋاقتىنى ئەمەلىيلەشتۈ-رۈش: بىرىنچىدىن، سىياسىي دەرس ۋاقتى يىللىق ھەر-بىي تەلىم - تەربىيە ۋاقتىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن كەم بولماس-لىق؛ ئىككىنچىدىن، تايانچ مىنبەگلەرگە ئايدا بىر قېتىم سىياسىي دەرس ئۆتۈش تۈزۈمى ئورنىتىش؛ ئۈچىنچىدىن، تەشكىلنى تەرتىپكە سېلىش، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋە ھېيت - بايرام قاتارلىق پائالىيەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ،

بارلىق مىنبىڭلارغا يىلدا 4 ـ 5 قېتىم سىياسىي تەربىيە بېرىش.

3. مىنبىڭلارغا قارىتىلغان سىياسىي تەربىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرگەن ھالدا جانلىق ئېلىپ بېرىش؛ زورۇر سىناقلارنى ئېلىش ئارقىلىق، تەربىيىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش.

4. كەسپىي قوراللىق كادىرلار ۋە مىنبىڭ كادىرلىرى ھەم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى تۇتالايدىغان، ھەم سىياسىي دەرس ئۆتەلەيدىغان بولۇش.

5. مىنبىڭلارغا قارىتىلغان سىياسىي تەربىيىنى يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەربىي رايون پارتكومى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان (1981) 8 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى ھەمدە شىنجاڭ مىنبىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ،ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. يوليورۇقتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، كەڭ مىنبىڭلارغا قارىتا جەڭ ھازىرلىقى ئىدىيىسى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىت-

تىپاقلىقى تەربىيىسىنى گەۋدىلىك ئېلىپ بېرىش لازىم. جايلار ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مىنبىڭلارنىڭ ھەم خەلق، ھەم ئەسكەر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىنبىڭلارغا قارىتىلغان سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئومۇمىي خەلق تەربىيىسى، پارتىيە تەربىيىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەربىيىسى، ياشلار تەربىيىسى، ئاياللار تەربىيىسىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدىكىلەرمۇ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى لازىم.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «مىنبىڭ تەشكىلىنى تەكشەش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات»ى (يەنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ (1981) 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتى)نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە، ئېلىمىزنىڭ مىنبىڭ قۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى. مىنبىڭ

خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئورگان، مەكتەپ ۋە پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىدا مىلىشىيە تەشكىللىمەسلىك، مىلىشىيەلەرنىڭ يېشىنى بۇرۇنقى 16 — 45 ياشتىن 18 — 35 ياشقا چۈشۈرۈش، مىلىشىيەلەرنى ئاھالە سانىنىڭ ئون پىرسەنتى ئىچىدە كونترول قىلىش قاتارلىق روھلار بەلگىلەندى. بۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى مەزگىلىدە مىلىشىيە قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىشنىڭ ناھايىتى زور تەدبىرى بولدى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باش سىياسىي بۇ «مىلىشىيە تەشكىلىنى تەڭشەش جەريانىدىكى سىياسىي خىزمەت توغرىسىدا يوليورۇق» ۋە «مىلىشىيە تەشكىلىنى تەڭشەشكە دائىر تەشۋىقات نۇقتىلىرى»نى تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باش سەنئۇبۇنىڭ ئەسكەر چاقىرىش خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، چاقىرىلىدىغان ئوبيېكتلارنى ئالدىن بېكىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي رايون جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، شىخو ناھىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 128 - تۇەنىدە چاقىرىلىدىغان ئوبيېكتلارنى

ئالدىن بېكىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە يوليور-
رۇق بەردى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتكوم، ھەربىي رايون پارتكومى ھەر قايسى
ۋىلايەت، ئوبلاست، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ،
شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شۆبە ھەربىي رايون-
لارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان مىنبىڭ خىزمىتى يىغىنى
چاقىردى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېتنىڭ 11 - نو-
مۇرلۇق ھۆججىتىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش ئاساسىدا،
مىنبىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربى-
يىسىنى كۈچەيتىش ۋە مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى باش-
قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىن-
دى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەركىزىي كومىتېت بەلگىلەپ
بەرگەن پرىنسىپ بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەسكەرلىككە سە-
پەرۋەر قىلىش ۋەزىپىسى بىر قەدەر ئېغىر بولۇشتەك ئە-
ھەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى تەڭشەلگەندىن
كېيىنكى شىنجاڭ مىنبىڭلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ ئون پىرسەنتىنى
(يەنى 1 مىليون 200 مىڭ ئەتراپىدا)، ئۇنىڭ ئىچىدە
تايانچ مىنبىڭلار ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 4% نى (يەنى
480 مىڭ ئەتراپىدا) تەشكىل قىلىشا مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ
قارىدى.

شىنجاڭ بويىچە مىنبىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش خىز-
مىتى 1981 - يىل 5 - ئايدا ئېچىلغان مىنبىڭ خىزمىتى
يىغىنىدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، 1982
يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسەن ئاخىرلىشىپ بولدى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مى-
نىستىرلىقى باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۇ، باش
ئارقا سەپ بۇسى بىرلىكتە «يەرلىك قىسىملارنى ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشتىكى بىر نەچچە مەسىلە
توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى.

ئۇقتۇرۇشتا: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئازاد-
لىق ئارمىيىنىڭ ئىچكى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەي-
دىغان يەرلىك قىسىملىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى
تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى»، «مىن-
بىڭلارنىڭ تۆمۈر يوللاردىكى كۆۋرۈك، تونىل قاتارلىق-
لارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى قوراللىق ساقچى قى-
سىملارغا تەدرىجىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە باش سەن-
مۇبۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى زاپاس
ھەربىيلىك رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ،
بۇ خىزمەت داۋامىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە
ئالماشتۇردى. ھەربىي رايوننىڭ ئىلغار ئورنى بولغان

قۇرۇقلۇق ئارمىيە 5 - شىسى ۋە فۇكاڭ ناھىيىلىك خەلق قورالىق بۆلۈمىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. فۇكاڭ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ۋەكىلى يىغىندا سۆز قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خىزمەت ئېخىمۇ كۈچەيتىلدى. قىسىم، شۆبە ھەربىي رايون ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ خىزمەتنى بېجىرىشكە مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باش سەنمۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ «مىنىلىك تەشكىللىنى تەگشەشكە دائىر بىر قانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا ئىزاھات» (30 ماددا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى تارقىتىپ، مىنىلىكلارنىڭ سانى ۋە نىسبىتى، تەشكىللىنىش دائىرىسى، ياش ئۆلچىمى، تايانچ ۋە ئادەتتىكى مىنىلىكلارنىڭ تەشكىللىنىشى، تەلىم - تەربىيە ۋاقتى، «ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش»، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مىنىلىك تەشكىللەنمەيدىغان ئورۇنلاردىكى خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە كەسپىي قوراللىق كادىرلار قاتارلىق توققۇز مەسىلە ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم ئىزاھات بەردى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى بىلەن ھەربىي رايون سەھىيە بۆلۈمى «ئەسكەرلىككە چاقىرىلىدىغان ياشلار ئارىسىدا 2 - نومۇرلۇق

كېسەللىك باكتېرىيىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش دورىلىرىنى ئىچكۈزۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار- تىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. قاراردا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭ- تۇەنىنىڭ بوزيەر ئېچىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشى— رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، زومىگەرلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھا- يىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە».

«مىنبىڭ قوراللىق دىجورنى لىيەنلىرىنىڭ ھەربىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى پۇختىلاش لازىم». «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.»

«ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاپتونوم رايون بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىقىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدۇ»، «ھەربىي ئىشلار جەھەتتە جۈملىدىن ھەربىي قوماندانلىق، چېگرىنى مۇھاپىزەت

قىلىش، تايانچ مىنبىك تەلىم - تەربىيىسى، مىنبىك قورالىلىق دىجورنى لىيەنلىرىنىڭ قورال - ياراق ۋە ئوق - دورا تەمىناتى قاتارلىقلاردا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.»

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق ئىشلار مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە ئاشلىق مىنىستىرلىقى بىرلىكتە «ئۇرۇشتا مېيىپ بولغان مىنبىك ۋە خەلق ئىشچىلىرىغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە مەسىلىسى توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە باشسەنۋبۇ بىلەن باش ئارقا سەپ بۆسى مەملىكەت بويىچە مىنبىك قورال - جابدۇق خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 1975 - يىلى ۋە 1980 - يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان مىنبىك قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىككى ھۆججەتنىڭ ئىزچىللىشىش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم خۇلاسىلىدى، مىنبىك قورال - جابدۇقلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات فاڭجېنىنى ئېنىق بەلگىلىدى. «مىنبىك قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى مۇزاكىرە قىلدى.

1981 - يىلىدىن باشلاپ مىنبىگىلارنىڭ ھەربىي تە-
لىم - تەربىيە شارائىتىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، مۇنتىزىم
تەلىم - تەربىيە تەرتىپى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى ئىلگىرى
سۈرۈش ئۈچۈن، ھەر قايسى ئورۇنلار تەلىم - تەربىيە
بازىسى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

## 1982 - يىل

**1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى** باش سەنمۇبۇ، باش سىيا-سىي بۇ ۋە باش ئارقا سەپ بۇسى بىرلىكتە «كەسپىي خەلق قوراللىق كادىرلىرىنىڭ ئىش كىيىمىنى ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلار ئۆزى سېتىۋېلىپ تەمىنلەشكە ئۆزگەر-تىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا: «1982 - يىلىدىن باشلاپ، كەسپىي خەلق قوراللىق كا-دىرلىرىنىڭ ئىش كىيىمىنى ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلار بازارلاردىن سېتىۋېلىپ (شەپكىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)ئىككى يىلدا بىر يۈرۈش تەمىنلەيدۇ، ئۇنىڭ راسخوتى يەنىلا مىنبىڭ كەسپىي خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

**2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** باش سەنمۇبۇ بىلەن باش ئارقا سەپ بۇسى «مىنبىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە» ئېلان قىلدى. بەلگىلىمىدە مىنبىڭ قوراللىرىنى باشقۇرۇش دائىرىسى، ۋەزىپىسى، تولۇقلاش ۋە تارقىتىپ بېرىش، ساقلاش ۋە ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش ۋە كاردىن چىققان قوراللارنى بىر تە-رەپ قىلىش، ئوق - دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاش،

شۇنداقلا باشقۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا تارلىق مەسىلىلەر ئېنىق كۆرسىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باش سەنمۇبۇ، دۆلەتلىك پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىقى، تۆمۈريول مىنىستىرلىقى، قاتناش مىنىستىرلىقى بىرلىكتە «مۇھىم نىشانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشۋاتقان مىنبىڭلارغا بېرىلىدىغان راسخوت ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشماي نۇقتىلاردا يېتىپ - قوپۇپ مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدىغان مىنبىڭلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە راسخوت ئۆلچىمىنى بۇرۇنقى ھەر بىر ئادەمگە يىلىدا بېرىلىدىغان 550 يۈەندىن 670 يۈەنگە ئۆستۈرۈش؛ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلماي مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدىغانلارغا بېرىلىدىغان 150 يۈەننى 180 يۈەنگە ئۆستۈرۈش ھەمدە ئۇنى 1982 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىش بەلگىلەندى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «مەملىكەتلىك مىنبىڭ قورال - جابدۇق خىزمىتى يىغىنى توغرىسىدا دوكلات» [يەنى (1982) 11 - نومۇرلۇق ھۆججەت]نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يولداش خۇياۋباڭ سىنبىڭ تەلىم - تەربىيىسى توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دېدى: «سىنبىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى ئانچە كۆپ ئېلىپ بارماسلىق كېرەك، شۇنداقلا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆ-رۈش لازىم، سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋيېتنام بىلەن چېگرىداش رايونلاردا سەل كۆپرەك ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، ئۇنىڭ-دىن باشقا جايلار تېخىمۇ ئاز ئېلىپ بېرىشى لازىم. كۈچ-نى مەركەزلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈشىگە رەھبەرلىك قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا، ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئەمما، خەلق كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك. رادىئو - تېلېۋىزورلاردا سىنبىڭ تە-لىم - تەربىيىسىنى كۆپ خەۋەر قىلىپ كېتىشنىڭمۇ ئانچە زۆرۈر يېتى يوق.»

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوب-لاست، شەھەر، ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون ۋە دالا ئارمىيە شىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان سەپەر-ۋەرلىك خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا سەپەرۋەر قىلىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش خىز-مىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى تۈ-

زۇپ چىقىلادى. باش سەنمۇبۇ شىنجاڭغا 1986 - يىلىغىچە تايانچ مىنبىڭلاردىن 420 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ھەر خىل كەسىپ بويىچە لاياقەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىدىغان مىنبىڭلارنىڭ ۋەزىپىسى يېڭىدىن تەڭشەلدى. ھەر يىلى 23 ياشتىن تۆۋەن 70 مىڭ ئەر تايانچ مىنبىڭنى نۇقتىلىق تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئادەم سانىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئازايتىش تەكىتلەندى.

يىغىندا ھەر يىلى ئەسكەر چاقىرغاندا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئالاھىدە قىسىم تەشكىللەش ۋە كېڭەيتىپ تەشكىللەش ۋەزىپىسى بار رايونلاردىن چاقىرىلغان ئەسكەرلەرنى پىلانلىق ھالدا مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكا قىسىم (فېندۈي)لارغا تولۇقلاپ بېرىش، ئۇلارنى ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋاقتىدا كېڭەيتىپ تەشكىللىنىدىغان قىسىم پىلانىغا كىرگۈزۈپ زاپاس ساقلاش؛ شىنجاڭ بويىچە زاپاس ھەربىيلەرنىڭ كەسپىي تېخنىك بازىسىدىن 38نى، يەنى سەككىز تانكا قىسىم بازىسى، توققۇز زېنىت توپچى قىسىم بازىسى، بەش زەمبىرەكچى قىسىم بازىسى، ئالتە خەۋەر - ئالاقىچى قىسىم بازىسى، تۆت خىمىيىدىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسىملىرى بازىسى، ئالتە قۇرۇلۇش قىسىم بازىسى قۇرۇش بەلگىلەندى.

يىغىندا يەنە مۇنۇلار بەلگىلەندى:ھەر دەرىجىلىك ئارقا سەپ تارماقلىرى، بىرىنچىدىن، ئۆزىگە قاراشلىق ئىشكىلاتلارغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىك ۋە كەسپىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىشكىلات خادىملىرىنى ئوبدان تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى لاياقەتلىك ھەربىي ئىشكىلات باشقۇرغۇچى قىلىپ چىقىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، ئىشكىلاتلارنى مۇھاپىزەت قىلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ (1982) 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە، شۆبە ھەربىي رايوندىن يوقىرى ئورۇنلاردىكى ئىشكىلاتلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى شۇ ئورۇن قارىمىقىدىكى قىسىملار ئۈستىگە ئېلىشى،مۇھاپىزەت قىلىش كۈچى يېتىشمىگەنلەرمۇۋاپىق ھالداكۈچەيتىشى لازىم. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈم ئىشكىلاتلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى ئاساسىي ئىككى نەپەر ئىشكىلات ساقلىغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئىككى ئادەم يېتىشمىسە،سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك 1 - 2 نەپەر توختاملىق ئىشچى ياللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئىشكىلات ئەتراپىدىكى مىنبىڭلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا تەشكىللەشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەت مىنبىڭلارنىڭ قورال - جابدۇق خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن، ئىشكىلاتلارغا رەسمىي ئىشچى قويۇلمايدۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-

لىق تۆۋەن - مەيدانلىرى، خەلق كېڭەشلىرى، كارخانا
ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مىلىك قورال - ياراق ئىسكى-
لاتىنى كېچە - كۈندۈز دىجورنىلىق قىلىپ مۇھا-
پىزەت قىلىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بارلىق ئىس-
كىلاتلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمكان قەدەر ئېلېكترونلۇق
سىگنال ئەسۋابى ئورنىتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، شە-
ھەر - بازارلاردىكى ئىسكىلاتلاردا ساقلىنىۋاتقان ئوق -
دورا ۋە پارتلاتقۇچ بۇيۇملارنى شەرتسىز بىخەتەر جايغا
يۆتكىۋېتىش لازىم. بىخەتەر بولسۇن ئۈچۈن، شەھەر - با-
زارلاردىكى ئىسكىلاتلاردا پەقەت قورال - جابدۇقلارلا
ساقلىنىدۇ. تۆتىنچىدىن، «قىزىل بايراقدار ئىسكىلات»
ۋە «مۇنەۋۋەر مۇھاپىزەتچى» لەرنى باھالاش پائالىيى-
تىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يىلدا بىر قېتىم باھالاش
ھەمدە ئۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

**9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت
خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ھەربىي رايون سىلىكبۆسى ۋە
سىياسىي بۆسى بىرلىكتە «بۇ يىللىق ئەسكەر چاقىرىش
خىزمىتىدىكى سىياسىي تەكشۈرۈش مەسىلىسى توغ-
رىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ
(1981) 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتى (يەنى جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تەيۋەنگە
كەتكەنلەرنىڭ ۋەتەندە قالغان ئورۇق - تۇغقانلىرىغا

قارشىلىغان سىياسەتنى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرى-سىدا ئۇقتۇرۇش») نىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئەسكەرلىككە چاقىرىلىدىغان ياشلارنىڭ تەيۋەندە ئۇرۇق-تۇغقىنى بار دەپ، ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقا تەسىر يەتكۈزسە بولمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى «ئەسكەر چاقىرىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەربىي مەجبۇرىيەتنى يېزىلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىشنى تېخىمۇ ئوبدان يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى. ئۇقتۇرۇشتا: ھەربىي سەپكە كىرگەنلەرگە ئۆزى بۇرۇن تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئۈچتە ئىككى قىسمى بويىچە ئېتىبار بېرىش بەلگىلەندى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سەھىيە نازارىتى «بۇيىل قىش پەسىلدىكى ئەسكەر چاقىرىشتا سالامەتلىك تەكشۈرگەندە جىگەر ئىقتىدارىنى قوشۇپ تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا: شەھەرلەردە ئەسكەرلىككە تەستىقلىنىش ئالدىدا تۇرغان ياشلارنىڭ جىگەر ئىقتىدارى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈشى؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرى تو-

رۇشلۇق شەھەرلەرمۇ شارائىت يار بەرسە، جىگەر ئىقتى-
دارنى تەكشۈرۈشى لازىم، دەپ بەلگىلەندى.

9 - ئايدا ھەربىي رايون «زاپاس ھەربىي خىزمەتتىكى
كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلەرنى ھازىرلاش بازىسى قۇرۇش
قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ
بويىچە قۇرۇلىدىغان تانكا، زېنىت توپ ۋە خەۋەر - ئا-
لاقە قاتارلىق كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلەر بازىسىدىن
38 نى جايلارغا تەقسىم قىلدى ھەمدە قىسىملارنىڭ ھەر
يىلى شىنجاڭدىن چاقىرىلغان يېڭى ئەسكەرلەرنى ئىم-
كان قەدەر تېخنىك فېنىدۇيلەرگە تولۇقلىشىنى؛ ئادەتتىكى
ئەسكەر چاقىرىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سەپەرۋەر
قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇرۇش ۋاقتىدا
تېز سەپەرۋەر قىلىشنى راۋان ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئا-
لاھىدە قىسىم تەشكىللەش ئۈچۈن تېخنىك ئەسكەر يەت-
كۈزۈپ بېرىش ئېھتىياجىدىن چىقىشىنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان
«ئۈچ ئۇرۇش» مانېۋىرىدا، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىن-
جاڭ ھەربىي رايونى مىنبىڭلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئايرىم-
ئايرىم ھالدا «پارتىزانلار چوڭ ئەترەتنىڭ دۈشمەن
ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشى قىلىش سىناق مانېۋىرى»
ۋە «قورۇقلۇق ئارمىيە شىسىنىڭ پوزىتسىيىنى مۇس-

تەھكەملەپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش سىناق مانېۋرىدا مىنبىڭ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ پوزىتسىيە ئالدىدا پار-تىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش مانېۋرى» دىن ماھارەت كۆرسەتتى.

11 - ئايدا ھەربىي رايون سىلىكبۇسى «ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن خادىملارنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن-لەرنى تىزىمغا ئېلىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇشى توغرى-سىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى-نىڭ «مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1981) 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىنبىڭ تەشكىلىنى تەڭ-شەش خىزمىتى توغرىسىدا خۇلاسە» ناملىق دوكلاتىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: رايونىمىزدا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1981) 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 1981 - يىل 5 - ئايدىن بۇ يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغى-چە مىنبىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش خىزمىتى ئاياغلاشتۇ-رۇلدى. تەڭشەلگەندىن كېيىن، رايونىمىز بويىچە مىن-بىڭلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1 مىليون 117 مىڭ 226 نەپەر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 8.54%نى تەشكىل قىلدى، تەڭشەشتىن بۇرۇنقىدىن 49.8% ئازاي-دى. ئۇنىڭ ئىچىدە، ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر

مىنبىڭلىرى 649 مىڭ 658 نەپەر بولۇپ،
مىنبىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 58·2% نى
تەشكىل قىلدى. پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادى-
رلار ئىچىدە قېرىنداش مىللەت كادىرلىرى 37 مىڭ
642 نەپەر بولۇپ، مىنبىڭ كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ
58·6% نى تەشكىل قىلدى. تايانچ مىنبىڭ 564 مىڭ
897 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 4·32% نى
تەشكىل قىلدى، تەڭشەشتىن بۇرۇنقىدىن 54·3%
ئازايدى، بۇرۇنقى قوراللىق تايانچ مىنبىڭلاردىن
103 مىڭ 715 نەپەر كۆپەيتىلىپ، 22·5%
ئاشتى. تايانچ مىنبىڭلار ئارىسىدا ئايال مىنبىڭلارنىڭ
نىسبىتى 14% تۆۋەنلىدى. چېگرىدىكى ئۈچ ناھىيە، 21
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن-
مەيدانىدا 15 مىڭ 190 نەپەر مىنبىڭ تەشكىللەندى.
كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا ئاساسلىق يۆنىلىش قىلىپ بېكى-
تىلگەن ھاۋا دېسانتلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ۋە پارتى-
زان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان رايونلاردا 699 مىنبىڭ
پارتىزان ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 26 مىڭ
305 ئادەم تەشكىللەندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئات-
لىق ئەسكەرلەر ليەنىدىن 11 ى تەشكىللىنىپ، ئادەم
سانى 1530 غا يەتتى. مىنبىڭ تەشكىلى تەڭشەلگەندىن
كېيىن، مىنبىڭلارنىڭ سانى ھەم ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ

ئىقتىياجىنى ئاساسەن قاندۇرالايدىغان بولدى، ھەم خەلقنىڭ سىلىقى يەڭگىللىتىلىپ، ئىقتىسادىي قورۇلۇشقا پايدىلىق بولدى.

تەڭشەشتە سۈپەتكە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جايلار ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى چۈشۈرگەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى ۋە تەلىپى بويىچە، تەڭشەش ئاخىرلىشىش ئالدىدا مىنبىنىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. 1982 - يىلى باھار بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ھەربىي رايون ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەربىي رايون رەھبەرلىرىنىڭ باشچىلىقى بىلەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى 11 ۋىلايەت، 33 ناھىيە، 67 گۇڭشې، 59 دادۈي، 29 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن- مەيدانى ۋە بىر گىئولوگىيە ئەترىتىنىڭ مىنبىنىڭ تەشكىلىنى تەڭشەش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ھەر قايسى ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايونلارمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىزمەت گورۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، رايونىمىز بويىچە 398 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، 98 ناھىيە، شەھەر (رايون)، 413 گۇڭشې، 779 دادۈي، 96 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەن. ئۇنىڭ

ئىچىدە لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكەن گوڭشى دەرىجىسىنىڭ ئورۇنلار 373 بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 90% تىن ئاشقان. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىلدى. ئۆلچەمگە يەتمىگەن ئورۇنلار تولۇقلاپ تەڭشىدى. كۆپ ئورۇنلار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، يوقلىما قىلىش، كىچىك تىپتىكى ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تەڭشەش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۇنۇملۇك مۇستەھكەملىدى.

**12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** باش سەنۇبۇ «مىنبىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى» (سىناق نۇسخىسى)نى تارقاتتى. پروگرامما جەمئىي ئالتە قىسىمدىن: يەنى 1 - قىسىمى پىيادە ئەسكەرلەر؛ 2 - قىسىمى خەۋەر - ئالاقىچى قىسىم؛ 3 - قىسىمى زىنىت توپچى قىسىم؛ 4 - قىسىمى زەمبىرەكچىلەر قىسىمى؛ 5 - قىسىمى دېڭىز ئارمىيىسى؛ 6 - قىسىمى ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيىسىدىن تەركىب تاپتى.

**12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «شەھەرلەردە مىنبىڭ قورالىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

1. شەھەر مىنبەگلىرىگە تارقىتىلىدىغان قوراللار-
نىڭ سانىنى ئازايتىش؛

2. قوراللارنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى
تارايتىش؛

3. ئوق- دورىلارنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىش؛

4. قورال ئىسكىلاتىنى ساقلاشنى كۈچەيتىش.

## 1983 - يىل

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بىڭتۇەن پارتكومى ھەربىي رايون پارتكومىغا بىڭتۇەن سىستېمىسىدىكى قوراللىق ئاپپاراتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بىڭتۇەن ۋە شى (ئىدارە) دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدە رەسمىي ھەربىي كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر يوللىدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ھەربىي رايون سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باشلىقلىرىنىڭ زاپاس كۈچلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، زاپاس ھەربىيلەر تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە ئائىت يوليورۇقلىرى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. قېرىنداش ئۆلكە ۋە رايونلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ئۆگىنىلدى. رايونىمىزدا سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش سىنىقى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەر قايسى ھەربىي رايونلار 2 - ، 3 - پەسىلدە، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش سىنىقىنى

قانات يايدۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭ قەشقەر شەھىرى بىلەن يېڭىشەر ناھىيىسىدە، شىمالىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى بىلەن مايتاغ كان رايونىدا، شەرقىي شىنجاڭ ئۈرۈمچى تيانشان رايونى،سايىباغ رايونى ۋە تۇدۇڭخابا رايونىدا سىناق قىلدى.سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش سىنىقى ئېلىپ بارغان رايونلاردا جەمئىي 17 مىڭ 677 نەپەر زاپاس ھەربىي ئالدىنئالا تەشكىللەندى. بۇلار 1480 نەپەر كادىر، 16 مىڭ 197نەپەر جەڭچىدىن تەركىب تاپتى. سىناق تەشكىلىي تەييارلىق، تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش، ئالدىن بېكىتىش، ئالدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئالدىن تەشكىللەش، ئەمەلىي ئەسكەرلەرنى مەشق قىلدۇرۇش ۋە خۇلاسىلاش - باھالاش قاتارلىق باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسىي تەجرىبىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: پارتكوملار ئېتىبار بەردى، ئىدىيىۋى خىزمەت ئۇبدان ئىشلەندى، ئەھۋال ئېنىق ئىگىلەندى، كېڭەيتىپ تەشكىللەشنىڭ ئاساسىي بولىدىغان ئورۇنلار جايىدا تاللاندى، كادىرلارنى ئالدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلەرنى سەپلەش پۇختا ئىشلەندى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «ئۇرۇش ۋاقتىدا كېڭەيتىپ تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش سىنىقى

ئېلىپ بېرىش ۋە زاپاس ھەربىيلەرنى رويخەتكە ئې-
لىش ـ ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش تو‌غ-
رىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى.
ئۇقتۇرۇشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئېنىق
بەلگىلەندى:
1. سىناق خىزمىتى
(1) سىناق ۋەزىپىسى: شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي
رايونى زېنىت توپچىلار زاپاس شىسىنىڭ ئورگىنى ۋە بىر
زېنىت توپچىلار تۇەنىنى تەشكىللەش سىنىقى ئېلىپ بېرىشقا
مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆ-
كۈمىتى بىلەن توپچىلار 73 ـ شىسى قاتنىشىدۇ؛ شىما-
لىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇھاپىزەتچىلەر × شىسىنىڭ
شتاتىنى تولۇقلاپ، ئادەتتىكى شتاتىنى ئۆرۈش ۋاقتىدى-
كى شتاتقا كېڭەيتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل
بولىدۇ، ئۇنىڭغا يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسى، كۈيتۇڭ
شەھىرى، مايتاغ كان رايونى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر ×
شىسى قاتنىشىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ×
شى × تۇەنىنىڭ شتاتىنى تولۇقلاپ، ئادەتتىكى شتاتىنى
ئۆرۈش ۋاقتىدىكى شتاتقا كېڭەيتىش سىنىقى ئېلىپ بې-
رىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنىڭغا قەشقەر ۋىلايەتلىك مە-
مۇرىي مەھكىمە، يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىسى ۋە × شى
قاتنىشىدۇ. سىناق خىزمىتى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى باشلى-
نىپ، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.

(2) كېڭەيتىپ تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش سىستىمىسىدا، زاپاس ھەربىيلەرنىڭ ئەھۋالى، تىزىملىغا ئېلىش، ستاتىستىكا قىلىش، ئالدىن تەشكىللەش ئۇسۇلى، ئادەتتىكى چاغلاردا قىسىملار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، تېز سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش ئۇسۇلى ۋە قەدەم باسقۇچ قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

(3) سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش مەشغۇلاتىغا قاتنىشىدىغان مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ۋاقتى ۋە قوشۇمچە راسخوتى، قورال - جابدۇق، تەلىم - تەربىيە تۈرى، كىيىم - كېچەك قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى.

(4) بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىپ، ھادىسە كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

(5) ئالدىن تەشكىللەش خىزمىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنىڭ ئۆلچىمى.

2. تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش، زاپاس ھەربىيلەرنى رويخەتكە ئېلىش، ستاتىستىكا قىلىش.

3. ئەستايىدىل خۇلاسە قىلىش.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «زامانىمىزدىكى

جۇڭگو»نامىلىق توپلامنىڭ ھەربىي ئىشلار،دۆلەت مۇداپىئە قىسمىنى يېزىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تارقاتتى.

دوكلاتتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئېلىمىزنىڭ 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقتىن بۇيانقى ھەربىي ئىشلىرى، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى نۇقتىلىق تەرەپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەم سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە ئون ماۋزۇ تۈزۈپ چىقىلدى»، «زامانىمىزدىكى جۇڭگو مىنبىڭ قۇرۇلۇشى» ئۇنىڭ بىر ماۋزۇسى قىلىندى. ئۇنىڭغا «باش سەنمۇبۇ مەسئۇل بولۇش، باش سەنمۇبۇ سەپەر-ۋەرلىك بۇسى ئاساس قىلىنغان ھالدا، باش سىياسىي بۇ ئاممىۋى خىزمەت بۇسى قاتنىشىش» قارار قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى «ئاپتونوم رايون، ھەربىي رايوننىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون-

لۇق پارتكوم بىلەن ھەربىي رايون پارتكومى سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندۇ، ئىشخانا تەركىبىدە ھەربىي ئىشلار تەشكىلات گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە ئارقا سەپ گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ. ئىشخانا ئورنى ھەربىي رايوننىڭ سەپەرۋەرلىك بۇسىدا بولىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شۆبە ھەربىي رايونلار، ناھىيە (شەھەر)لەر ۋە شۇ ئورۇنلاردىكى خەلق قوراللىق بۆلۈمى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىم، يېزا ئىگىلىك شىسى ۋە تۇەن - مەيدانلاردىن ئادەم قاتناشتۇرغان ھالدا مۇناسىپ رەھبەرلىك گۇرۇپ-پىسى ۋە ئىشخانا قۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىنىشى لازىم.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھەربىي رايون سىياسىي بۇسى «شىنجاڭ مىنبەرلىرى» ژۇرنىلى (جەمئىي 150 سان نەشر قىلىنغان)نى نەشردىن توختىتىشنى، ئۇنى «جەڭ غەلبىسى» گېزىتخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، «شىنجاڭ مىنبەرلىرى»-غا ئۆزگەرتىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا بېسىپ تارقىتىشنى قارار قىلدى. «شىنجاڭ مىنبەرلىرى» خەنزۇچە

گېزىتى 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە جەمئىي 56 سان چىقىرىلىدى، ئۇيغۇرچىسى داۋاملىق چىقىرىلماقتا.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە رەسمىي ھەربىي شتاتلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى. ئۇقتۇرۇشتا: بىڭتۇەن ۋە ئۇنىڭ شى (ئىدارە) لىرىدا رەسمىي ھەربىي شتاتلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلىدۇ؛ ئۇنى تەشكىللەشكە ھەربىي رايون، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى مەسئۇل بولىدۇ، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قۇرۇلۇپ خىزمەتكە كىرىشىش لازىم، دەپ بەلگىلەندى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «ئەسكەر چاقىرىش خىزمىتىدە مۇكاپاتلاش - جازالاش سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

«سىناق چارىسى» جەمئىي ئالتە ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەسكەر چاقىرىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ياكى قانۇن - ئىنتىزامغا

خىلاپلىق قىلغان بىرلىك ۋە شەخسلەرنى مۇشۇ چارە بويىچە مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش تەلەپ قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى باش سەنمۇبۇ «زاپاس ھەربىيلەر شى - تۇەنلىرىنىڭ نامى، ئارمىيە بايرىقى، تامغىسى ۋە بەلگىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى.

ئۇقتۇرۇشتا: زاپاس ھەربىيلەر شى - تۇەنلىرىنىڭ نامى، ئارمىيە بايرىقى، تامغىسى ۋە بەلگىلىرى كونكرېت بەلگىلەندى.

7 - ئايدا «جۇڭگو مىنبىڭلىرى» ناملىق كىتاب نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى. فۇجيۇتاۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئى- سى، ھەربىي كومىتېت خەلق قوراللىق كومىتېتىنىڭ مۇ- دىرى شۈشياڭچيەن بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى باش سەنمۇبۇ «تايانچ مىن- بىڭ تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تەكشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «خەلق ئامما- سىنىڭ سىياقىنى يەڭگىللىتىپ، ئىلمىزنىڭ نۆۋەتتىكى

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، بۇرۇن بېكىتىلگەن 1985 - يىلغىچە 30 مىليون تايانچ مىنبىلىك تەشكىللەش ۋەزىپىسى 1990 - يىلغىچە ئورۇنداپ بولۇشقا كېچىكتۈرۈلدى».

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «زاپاس ھەربىيلەر شىسى — تۆەنلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

بەلگىلىمىدە: زاپاس ھەربىيلەر شى - تۆەنلىرىنىڭ تىنچلىق چاغلاردىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى ئېنىق بەلگىلەندى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھىيە مىنىستىرلىقى، باش سەنمۇبۇ ۋە باش ئارقا سەپ بۆلۈمى «ئەسكەرلىككە چاقىرىلىدىغان ياشلارنىڭ جىگەر ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ بوي ئېگىزلىكى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئۇقتۇرۇشتا: جىگەر ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈشنىڭ تەلىپى، ئۆلچىمى، قىسىملار قايتا تەكشۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىق تەلەپلەر قويۇلدى. ئەسكەرلىككە چاقىرىلىدىغان ياشلارنىڭ بوي ئېگىزلىكى:

ئەرلەرنىڭ 1 مېتىر 60 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولۇش؛ ئا- ياللارنىڭ 1 مېتىر 55 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولۇش؛ ئەر - ئايال ياشلارنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ئېغىرلىقى توغرا تاناسىپ بولۇش تەلەپ قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە باش سەنە- موبۇ توپچى قىسىملار بۇيسى بىلەن سەپەرۋەرلىك بۇيسى- نىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نېنجاڭ رايونىدا مەملىكەتلىك مىنبىڭ زەمبىرەكچىلىرىنىڭ تەج- رىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىنى ئېچىلدى. يى- غىنغا ھەرقايسى ھەربىي رايونلارنىڭ سەپەرۋەرلىك بۇ- سى، توپچى قىسىم بۇيسىدىكى يولداشلار، ھەر قايسى ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تارماقلاردىكى يولداشلار، شۇنداقلا باش سەنەمۇبۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى يولداشلاردىن بولۇپ جەمئىي 145 كىشى قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، باش سەنەمۇبۇ توپچى قىسىملار بۇيسى بىلەن سەپەرۋەرلىك بۇيسى يېزىپ چىققان «مەملىكەتلىك مىنبىڭ زەمبىرەك- چىلىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» نى تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ- كۈمىتى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق

قىسىملار (ساقچى قىسىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دى-
كى كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەربىيلىككە ئېلىش
مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ
پەرزەنتلىرىنى ھەربىيلىككە ئېلىش توغرىسىدىكى ۋاقىت-
لىق چارە» نى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چى-
قاردى.

«چارە» جەمئىي 17 ماددىدىن تەركىب تاپقان بو-
لۇپ، ئۇنىڭدا ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەس-
كەرلىككە چاقىرىشتىكى تەشكىلىي رەھبەرلىك، چاقىرى-
لىدىغان ئوبيېكىتلار ۋە ئۇلارنىڭ شەرتلىرى، چاقىرىش
ئۇسۇلى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى«ئىش-
لەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ قوراللىق خىزمىتىنى
ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇق-
تۇرۇش»چۈشۈردى. ھەرقايسى شۆبە ھەربىي رايونلار 1983 -
يىل 8 - ئايدىن 1984 - يىل 1 - ئايغىچە، بىڭتۇەننىڭ
يېزا ئىگىلىك شىسى (ئىدارىسى) خەلق قوراللىق بۆلۈم-
لىرىگە قوراللىق خىزمەتلەرنى ۋە 85 مىڭ 500 دىن كۆپ-
ھەر خىل قورالنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆتكۈزۈپ بېرىش
خىزمىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن، بىڭتۇەندە 187 مىڭ 400
دىن ئارتۇق مىنبىك، 967 مىنبىك لىيەنى بار ئىدى.
تۈرلۈك كەسپىي فېندۇيلەردىن 80ى، پەيدىن 146 سى
تەشكىللىنىدى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «ئەسكەرلەرنى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قىسمىغا ئاپىرىپ بېرىشنى سىناق تەرتىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

«سىناق چارىسى» دە ئەسكەر ئاپىرىپ بېرىش خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىك، ئىشتا ئاشۇرۇش ئۇسۇلى، يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرى، راسخوت كاپالىتى، قاتناش بىخەتەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر كونكرېت بەلگىلەندى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى باش سەنمۇ بۇ، باش سىياسىي بۇ ۋە باش ئارقا سەپ بۇسى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مىنبىڭ قورال - ياراقلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنىڭ يۈتۈپ كېتىشى ۋە ئوغرىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش پائالىيىتىگە پائال ماسلىشىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە مىنبىڭ قورال - ياراقلىرىنى باشقۇرۇشتا «يۈز كۈن ھادىسە چىقارماسلىق» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش

تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلەر، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شى، ئىدارىلىرى «يۈز كۈن ھادىسە چىقارماسلىق» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، رايونىمىزدىكى 87 ناھىيە، شەھەر ۋە بىڭتۇەنىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىنىڭ 1200 دىن ئارتۇق قورال ساقلاش نۇقتىلىرىنى تەكشۈردى. رايونىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەر قايسى شى، ئىدارىلىرى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل توپلاپ، يېڭىدىن ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 676 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 120 قورال ئامبىرى سالدى، 477 قورال ئامبىرىنى رېمونت قىلدى ۋە مۇستەھكەملىدى ھەمدە قىسمەن ئامبارلارغا سىگنال ئەسۋابى ۋە بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرىنى ئورناتتى. «يۈز كۈن ھادىسە چىقارماسلىق» پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندا، يەتتە شۆبە ھەربىي رايون، 103 ناھىيە، تۈەن ـ مەيدان، 62 شەخس ئىلغار بولۇپ باھالاندى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «ئىككىگە قارشى مانېۋىر» ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى سەپىلەر ھاۋا مۇداپىئە، ھە... دېسانتقا قارشى تۇرۇش سىناق مانېۋىرىغا قاتناشتى...

نېۋر ئالدىن بەلگىلەنگەن جەڭ مەيدانىدا ئېلىپ بې-
رىلدى، بۇ قېتىمقى مانېۋر ئارقىلىق، مىنىڭلار ئەمەلىي
ئۇرۇشقا قاتناشقاندەك چېنىقتۇرۇلدى، ئۇرۇشنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىلىدە پارتىزان ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇش-
تىكى تەشكىلىي قوماندانلىق ۋە ئۇرۇش ئۇسۇلى مۇھا-
كىمە قىلىندى. مانېۋر جەريانىدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى
خەلق قوراللىق كادىرلىرى ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇ-
رۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، بىلىمى
ئاشتى، پارتىزان ئۇرۇشى تەلىم - تەربىيىسى ئۈچۈن
يول باشلاپ بېرىلدى.

9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قورغاس
ناھىيىسىدە ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شە-
ھەر، كان رايونى)، ھەر قايسى شۆبە ھەربىي رايون،
مۇھاپىزەتچىلەر شىسى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، كان
رايونلۇق) خەلق قوراللىق بۆلۈمى، چېگرا مۇداپىئە
تۈەنلىرى ۋە ئورگانلىرى كەسپىي تارماقلارنىڭ رەھبەر-
لىرى قاتناشقان پارتىزان ئەترىتىنىڭ تەلىم - تەربىيە
تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. شەرقىي
شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۈەن خەلق قوراللىق بۆلۈ-
مى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 7 - شىسى يىغىنغا قاتناشقىلى
ئادەم ئەۋەتتى. يىغىندا مىنىڭ پارتىزان ئەترىتىنى
تەلىم - تەربىيىگە تەشكىللەش تەجرىبىلىرى تونۇشتۇ-
رۇلدى، يىغىنغا قاتناشقانلار قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئۈچ

مىنبىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 10 تۈرلۈك تىپىنىڭ، تاك-تىكا تۈرلىرىدىن كۆرسەتكەن ھەربىي ماھارىتىنى كۆز-دىن كەچۈردى.

1983 - يىلى جايلار مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىنبىڭ كادىرلىرى ۋە مىنبىڭلارنىڭ سىياسىي سالاھىيى-تىنى قايتا تەكشۈرۈپ، لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق، بۇلاڭ-چىلىق، ئالدامچىلىق، ھايانكەشلىك قىلغانلار، دائىم مۇشتلىشىپ جېدەل چىقارغانلار ۋە پارتىيىنىڭ 11 - نۆ-ۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇ-يانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئېغىر قارشىلى-شىش كەيپىياتىدا بولغانلارنى مىنبىڭ قوشۇنىدىن تازى-لاپ چىقىرىۋەتتى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىلا 115مىڭ 552 ئادەمنىڭ سىياسىي سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى. قابا-ھىيىتىنىڭ گۈڭشې، مەيدانلىرى پەيچۇسودىكى يولداش-لارنى مىنبىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشتۇ-رۇپ، مىنبىڭلارنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل قىلدى. قايتا تەكشۈرۈش، تازىلاش، يېڭىدىن مىنبىڭ تەشكىلىگە قوبۇل قىلىنىدىغانلارنىڭ سىياسىي سۈپىتىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، مىنبىڭ تەشكىلىي تېخىمۇ پاكلاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈ-رۈلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە «ياشلار، مىنبەگلەر ئائىلىسى» قورغان ئورۇنلار 30.7%نى تەشكىل قىلدى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا «ئارمىيە بويىچە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنى» چاقىرىلدى. بۇ، سەپەرۋەرلىك خىزمىتى كۆچەيتىلگەندىن كېيىن، ئارمىيە بويىچە چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنى بولدى.

يىغىننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سەپەرۋەرلىك ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىندى؛ سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش سىناق خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى؛ «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش خىزمەت نىزامى» ۋە «سەپەرۋەرلىك خىزمىتى راسخوتىنىڭ چىقىم قىلىنىش دائىرىسى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش چارىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ ئالدىن تەشكىللەنگەن زاپاس ھەربىيلەرنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى؛ مىڭپىڭ بۇجاڭ خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يىغىنغا ھەر قايسى ھەربىي رايونلارنىڭ سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى، ھەربىي قورال - جابدۇق بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى

ۋە ئارقا سەپ سىلىكبۇسىنىڭ مەسئۇللىرى؛ ھەر قايسى ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە سەپەرۋەرلىك باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى؛ ھەر قايسى ئارمىيە تۈرى، ئەسكىرىي تۈرلەرنىڭ سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، كەسپىي تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار؛ باش بۆلۈمنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى، دۆلەت ئورگىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى شۇنداقلا سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش سىناق نۇقتىلىرىنى ئىشلىگەن قىسمەن شۆبە ھەربىي رايونلار ھەم قىسىملاردىكى مەسئۇل يولداشلاردىن بولۇپ جەمئىي 185 كىشى قاتناشتى.

باش سەنمۇجاڭ ياڭ دېجى يىغىندا يولىيورۇق بەردى، مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ خېي جېڭۋېن يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى.

**1983** - يىلى ھەربىي كومىتېت شىنجاڭنىڭ ئۇرۇش قىلىش لايىھىسىگە سالغان تەستىقىدا چۈشۈرۈپ بەرگەن ئۇرۇش ۋاقتىدا تەشكىللىنىدىغان قىسىملارنىڭ سانىغا ۋە باش سەنمۇ بۇ تەرىپىدىن ھەربىي رايونىمىزغا تەقسىملەپ بېرىلگەن زاپاس ھەربىيلەر شى-تۇەنلىرىنى تەشكىللەش شتاتىغا ئاساسەن، قىسىملارنىڭ تەرتىپكە سېلىش - ئىخچاملاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، رايونىمىزدا ئالتە زاپاس ھەربىيلەر شى، 14 زاپاس ھەربىيلەر

تۆۋەن ئاپپاراتى تەشكىللەندى. ئۇلار ئىككى قۇرۇقلۇق ئارمىيە شىتابى، ئىككى مۇھاپىزەتچىلەر شىتابى، بىر گائۇبىتسا - پۇشكا شىتابى، بىر تانكا شىتابى ۋە خەۋەر-ئالاقە، قۇرۇلۇش، تانكىغا قارشى توپچىلار، مۇھاپى-زەتچىلەر قاتارلىق زاپاس ھەربىيلەر تۆۋەنىدىن ئىبارەت.

1983 - يىلى جايلاردا ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەت-لىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەشكىللەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى بېكىتىلىپ تۆۋەنگە تارقىتىپ بېرىلدى.

1983 - يىلى ئەسكەر مەنبەئىنى ئىگىلەپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ تەش-كىللەشنى ئىشەنچلىك ئەسكەر مەنبەئى ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل خادىملارنىڭ تەكتىنى ئىگىلەش، رويخەتكە ئېلىش، ستاتىستىكا قىلىش

خىزمىتى ئىشلەندى. بىرىنچىسى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنى زاپاس ھەربىيلىك رويخېتىگە ئېلىش، ستاتىستىكا قىلىش. 1981 ـ يىلى قانات يايدۇرۇلغان ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنى زاپاس ھەربىيلىك رويخېتىگە ئېلىش، ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى ئاساسىدا، 1980 ـ يىلىدىن بۇرۇن 35 ياشتىن تۆۋەن بولغان ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر يېڭى كەسپىي نومۇر بويىچە تولۇقلاپ رويخەتكە ئېلىندى، 1981 ـ، 1982 ـ يىل ئىچىدە ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان، ستاتىستىكا قىلىنغانلار قايتا سېلىشتۇرۇلدى. 1983 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تولۇق زاپاس ھەربىيلىككە تىزىملانغان ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر 62 مىڭ 749 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭدىن ھەرخىل كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلەر 21 مىڭ 57 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 33.5% نى تەشكىل قىلدى. ئىككىنچىسى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن، كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار رويخەتكە ئېلىندى ۋە ستاتىستىكا قىلىندى. رايونىمىز بويىچە زاپاس ھەربىي بولۇش شەرتىگە توشىدىغان ھەرخىل كادىرلار 2652 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە 1344 نەپەر ھەربىي ئىشلار كادىرى، 664 نەپەر سىياسىي خىزمەت كادىرى، 295 نەپەر ئارقا سەپ كادىرى، 345 نەپەر ھەرخىل كەسپىي تېخنىك كادىر) بولۇپ، بۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ 13% نى تەشكىل قىلدى،

ئۈچىنچىسى، يەرلىكتىكى كەسپىي ئۇدۇل كېلىدىغان، يېرىم ئۇدۇل كېلىدىغان تېخنىك خادىملارنى سىناق تەرىقىسىدە رويخەتكە ئېلىش يولغا قويۇلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 40 تەلىم - تەربىيە بازىسى قۇرۇلۇپ بولدى، ئۇنىڭدىن 12 تەلىم - تەربىيە بازىسى ئوقۇ - ئوقۇتۇش، تۇرمۇش، تەلىم - تەربىيە ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە ئالتە بار بولۇش (دەرسخانىسى، ياتىقى، ئاشخانىسى، مەشق مەيدانى، قارىغا ئېتىش مەيدانى، تاكتىكا مەيدانى بار بولۇش) تەلىپىگە يەتكۈزۈلدى، قالغىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. مىنبىگلارنىڭ تەلىم - تەربىيە بازىسىغا كېتىدىغان خىراجەتلەر جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش، تېرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىرلىشىپ نورتاق مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلى قوللىنىپ ھەل قىلىندى، يەنى «يۇقىرىدىن ئازراق بېرىش، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئازراق چىقىرىش، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق)خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئازراق چىقىرىش، مىنبىگلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ئاز - تولا ئىشلەش» ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىندى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رايونىمىز بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك ئىسكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 55

مىڭ كۋادرات مېتردىن ئاشتى. ئۇنىڭغا 9 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ بىلەن، پىلان-دىكى يېڭى ئىسكىلات سېلىش كۆلىمىنىڭ 80% ى ئورۇن-لىنىپ بولدى.

## 1984 - يىل

1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن شىخەنزە شۆبە ھەربىي رايونى شىخەنزە قورۇقلۇق ئارمىيە زاپاس ھەربىيلەر شىسى قورۇشۇۋەزىنت توپچىلار 663 - تۈەنىنى كىىگەيتىش سىنىقى ئېلىپ باردى. سانجى شۆبە ھەربىي رايونى كۈچۈك ناھىيىسىدە زاپاس ھەربىيلەر قورۇلۇش تۈەنى قورۇش سىنىقى ئېلىپ باردى. بايىنغولىن شۆبە ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيە كورلا ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قورۇش سىنىقى ئېلىپ باردى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايون پارتكومى «يېزا، زاۋۇت - كانلار تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ قورۇلۇشى ۋە كەسپىي قوراللىق كادىرلار، مىنبىڭ كادىرلىرىنى تەيىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى چۈشۈردى.

ئۇقتۇرۇشتا: ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې ئايرىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇش، كادىرلارنى تەيىنلەش، كەسپىي قوراللىق كادىرلارغا بولغان مۇئامىلە، مىنبىڭلارنى تەشكىللەش، لىيەنجاڭ (يىڭجاڭ) لارنى تەيىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرى، زاۋۇت، كان - كارخانىلاردىكى خەلق قوراللىق كادىرلىرىنىڭ شتاتى ۋە خادىملارنى تەيىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا يېڭى بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** شىخەنزە قۇرۇلۇق ئارمىيە زاپاس ھەربىيلەر شىسى قۇرۇلۇپ، ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ئۇلار ھەربىي ماھارەت كۆرسەتتى. باشسەن مۇبۇنىڭ كەسپىي تارماقلىرى، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرى زاپاس ھەربىيلەر شىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشتى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ تېلېگرامما ئەۋەتىپ زاپاس ھەربىيلەر شىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى شىيا ۋچۈەنغۇ، جېڭۋېيى تەن شەنخې، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ھەربىي كۆرەكنى كۆردى ھەمدە يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خەلق ئىشلار مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى «ئىنقىلابىي مەجرۇھلارنىڭ نەپىقە ئۆلچىمىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئۇقتۇرۇشتا: «گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، ئىنقىلابىي مەجرۇھلارنىڭ (مەجرۇھ بولغان مىنبىڭ، خەلق ئىشچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)تەڭشەلگەن نەپىقە ئۆلچىمىنى 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىش قارار قىلىندى» دەپ كۆرسىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى دۆلەت رەئىسى لى شيەنىيەن بۇيرۇق چىقىرىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت قانۇنى»نى ئېلان قىلدى.

بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت قانۇنى» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ماقۇللاندى، ھازىر ئېلان قىلىندى، 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلسۇن».

يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان ھەربىي خىزمەت قانۇنى 13 باب 65 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1955 - يىلى ئېلان قىلىنغان ھەربىي خىزمەت قانۇنىغا بەش باب قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بابتا مەخسۇس

«مىنبىلىك» ئۈستىدە توختىلىپ، مىنبەرنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ياش - قۇرامى ۋە ئۇنى تەشكىللەش قاتار- لىق مەسىلىلەر ئېنىق بەلگىلەندى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت تەشكى- لات بۆلۈمى، خەلق ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئەمگەك - كا- دىرلار مىنىستىرلىقى، باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۆ- لۈمى بىرلىكتە «ئاساسىي قاتلام خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كەسپىي قوراللىق كادىرلارنى تەيىنلەش پرىنسىپى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

1. گۇڭشې خەلق قوراللىق بۆلۈمى يېزىلىق خە- لق قوراللىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۇ ھەم يېزىلىق پارتكومىنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى، ھەم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي خىزمەت ئاپپاراتى بولىدۇ. رايون دەرىجىلىك ئاپپاراتلاردىمۇ مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە بولىدۇ.

2 كادىرلارنى تەيىنلەش پرىنسىپى. رايونلارغا بىر نەپەر بۇجاڭ، بىر گەنسى قويۇلىدۇ، گۇڭشېدىن يېزىغا ئۆزگەر- تىلگەن ئورۇنلاردىكى يېزىلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى- گە 1 — 2 ئادەم قويۇلىدۇ. داداۋيىدىن ئۆزگەرتىلگەن يېزىلاردا بىر نەپەر مۇئاۋىن شياڭجاڭ قوشۇمچە مەسئۇل بولىدۇ.

3. كادىرلارنىڭ شەرتى ۋە كېلىش مەنبەئى. كادىرلار قوشۇننى تۆتلەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە، يەرلىك كادىرلار، قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر ۋە مۇنەۋۋەر مىنبىڭ كادىرلىرىدىن تاللاپ تەيىنلىنىدۇ.

4. كادىرلارنى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە،ما ئاش مۇئامىلىسى. رايونلۇق، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ بۆجاڭلىرى رايون، يېزا (بازار) رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئادەتتە شۇ دەرىجىلىك پارتكومغا قاتنىشىدۇ.

5. زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا كەسپىي قوراللىق كادىر تەيىنلەشتە، يەنىلا 1978 - يىلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

6. ئورگان، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا كەسپىي قوراللىق كادىرلار قويۇلمايدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى قوراللىق بۆلۈملەر ھازىرچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

**6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** باش سەنمۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۇ سىچۇەن ئۆلكىلىك ھەربىي رايوننىڭ «گۇاڭخەن ناھىيىسىنىڭ مىنبىڭلارنى قوزغاپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا مىن-

بىلىك خىزمىتىنى ئوتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش نەق
مەيدان يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»نى
تەستىقلاپ تارقاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا تەھرىر ئىلاۋىسى
قوشۇپ، گۇاڭخەن ناھىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈ-
نەرلىك نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھەر دەرىجى-
لىك ھەربىي رايون ۋە خەلق قوراللىق تارماقلىرىدىن مىنبىڭلار-
نى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئەستايى-
دىل ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
داۋامىدا مىنبىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ
باش نىشانى، باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يو-
لىدا، مىنبىڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش تە-
لەپ قىلىندى.

**10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى-**
ھەربىي رايونى مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم -
تەربىيىسىنى ئىسلاھ قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا باش سەنمۇبۇ ھەر قايسى
چوڭ ھەربىي رايون، ئۆلكىلىك ھەربىي رايون تەلىم -
تەربىيە باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى قاتناشتۇرۇپ
ۋۇخەن ھەربىي رايونىدا ئاچقان مىنبىڭ كەسپىي تېخ-
نىك ئەسكەرلىرى تەلىم - تەربىيە نەق مەيدان مۇھا-
كىمە يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى؛ را-
يونىمىزدىكى مىنبىڭلارنىڭ 1983 - يىلدىن 1984 - يىل-

ىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەربىي تەلىم-تەربىيە خىز-
مەت ئەھۋالى يەكۈنلەندى ۋە تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇل-
دى: يىغىن جەريانىدا ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايون-
لۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىي-
يەت تۈزۈمى ۋە مىنبىڭ خەۋەر - ئالاقە ئەسكەرلىرى
تەلىم - تەربىيىسى ئېكىسكۇرسىيە قىلىندى. 1985 -
يىللىق مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم - تەربىيىسى
توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي
شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىشلەپچى-
قىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ھەرقايسى شۆبە ھەربىي
رايونلار، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى،
بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شى، ئىدارىلى-
رى ۋە قاراماي شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ
تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى، بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى
ۋە ھەربىي رايوننىڭ 2 - دەرىجىلىك بۇيسىدىكى مۇناسى-
ۋەتلىك يولداشلار بولۇپ جەمئىي 50 ئادەم قاتناشتى.

جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي
شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
بىڭتۇەندىن كەلگەن يولداشلار تەلىم - تەربىيە ئەھۋا-
لىنى دوكلات قىلدى. قاراماي شەھىرى، قۇمۇل شۆبە

ھەربىي رايونى، قەشقەر كونىشەر ناھىيىسى، يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىستىنىڭ 83 ـ تۈمەن ـ مەيدانى تەجرىبە تونۇشتۇردى.

ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ئېزىزوپ قاسىم، مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ ۋاڭ لىن، سىلىڭبۇنىڭ مەسلىھەتچىسى لى شۇاڭشىڭ، ئارقا سەپ بۇسىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى جۇجيەنخۇالار يىغىندا سۆز قىلدى.

**1984 - يىلى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي رايون قىش پەسلىدىكى ئەسكەر چاقىرىش بۇيرۇقى چىقىرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: تېخنىك ئەسكەرلەرنى پىلانلىق توپلاپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا تېز كېڭەيتىپ تەشكىللەشكە ئېھتىياجلىق بولغان كەسپىي تېخنىك خادىملار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي رايون قىسىملىرىغا تولۇقلىنىدىغان تۈرلۈك تېخنىك ئەسكەرلەر ھەربىي رايون بەلگىلەپ بەرگەن كەسپىي تېخنىك ئەسكەر بازىلىرىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

**1984 - يىلى** دۆلەت بەرگەن 500 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون چىقارغان 200 مىڭ يۈەن راسخوت بىلەن، رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مىنبىڭ قورال ئىسكىلاتى ۋە بەزى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلار سېلىندى. جايلار مىنبىڭ قورال ئىسكى-

لاتلىرىنىڭ پۈتۈشىگە ئەگىشىپ ئىسكىلات باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى ھەمدە ئىسكىلاتقا ئامبارچى تەيىنلىدى، باش- قۇرۇش تۈزۈملىرى تەدرىجىي ھالدا ئورنىتىلدى ۋە مۇ- كەممەللەشتۈرۈلدى.

## 1985 - يىل

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «1985 - يىللىق مىنبىلىك، زاپاس ھەربىيلەر ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈردى. يوليورۇقتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 1985 - يىللىق مىنبىلىك، زاپاس ھەربىيلەر ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىدە گوۋۇيۈەن تارقاتقان (1983) 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، كادىرلار - كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە تەرتىپى ۋە تۈرلۈك تەلىم - تەربىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش لازىم. رايونىمىز بويىچە مىنبىلىك، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسى 40 مىڭ ئادەم، بۇ 28 مىڭ 100 پىيادە ئەسكەر، 11 مىڭ 900 كەسپىي تېخنىك ئەسكەرنى تەربىيىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يوليورۇقتا يەنە تەلىم-تەربىيە ۋاقتى، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى، تەلىم - تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، مىنبىلىك، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم - تەربىيىسىنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىن-

ڭ ، زاپاس ھەربىيلەر ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنىڭ
مۇنتىزىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مىنبىڭلارنىڭ تەلىم-
تەربىيە بازا قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش، مىنبىڭ،
زاپاس ھەربىيلەرنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتى-
گە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر
ئېنىق بەلگىلەندى.

1985 - يىلىغىچە رايونىمىز بويىچە 35 ياشتىن تۆۋەن
ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەردىن جەمئىي 77 مىڭ 509
ئادەم زاپاس ھەربىيلىك رويخېتىگە ئېلىندى، ئۇنىڭ
ئىچىدە تولۇق تېخنىك ئەسكەرلەر 27 مىڭ 436 نەپەر.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى «ناھى-
يىلىك، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى يەرلىك-
نىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە تەكشۈرۈپ- تەتقىق قى-
لىشقا تېگىشلىك بىر قانچە ئاساسلىق مەسىلە توغرىسى-
دا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى، ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىل-
دى: باش سەنمۇبۇدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گو-
ۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەستىقلىغان «ئارمى-
يە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئاپپاراتلارنى ئىخچام-
لاش - شتاتنى تەرتىپكە سېلىش لايىھىسى» دە ناھىيى-
لىك، شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى
يەرلىكنىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىنغانلىق
توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇ ئۇقتۇرۇشتا

ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەرقايسى ھەربىي رايونلارنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، پىكىر بېرىشى تەلەپ قىلىنىغان. شۇڭا، ھەربىي رايون تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەشتىن سىرت، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى،ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمى دەرھال كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تۇتۇش قىلىپ، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ يەرلىكنىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىنكى شتاتى، ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى، رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى، دەرىجىسى، كادىرلارنىڭ كېلىش مەنبەئى ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش، ئۇلارغا بولغان تۇرمۇش مۇئامىلىسى ھەمدە خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىلەن زاپاس ھەربىيلەر تۇەنىنىڭ مۇناسىۋىتى،شۇنداقلا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قەدەم - باسقۇچلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش، بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن ھەربىي رايونغا يوللاش لازىم.

**11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش سەنمۇبۇ بىلەن باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ 1985-يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى «ھازىرقى ۋە بۇندىن

كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدىكى مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. تەستىقتا مۇنداق كۆرسىتىلدى:

مىنبىڭ تۈزۈمى — ئېلىمىزنىڭ بىرخىل ئەنئەنىۋى ھەربىي تۈزۈمى، مىنبىڭ قۇرۇلۇشى — دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بولۇپمۇ نۆۋەتتە ئېلىمىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان، رەسمىي قىسىملارنى تۈركۈملەپ ئازايتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت مۇداپىئە زاپاس كۈچلەر قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىخچام دائىمىي ئارمىيە بىلەن قۇدرەتلىك زاپاس كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈش — زامانىۋىلاشقان دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر يولى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي رايونلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. ھەربىي خىزمەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، مىنبىڭ بىلەن زاپاس ھەربىيلەرنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زاپاس كۈچلەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق، نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش لازىم. مىنبىڭلارنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا پائال ئۇيۇش-

تۇرۇپ، ئەمگەك ئارقىلىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى قامداپ، خەلقنى بېيىتىپ، ئەسكەرلەرنى قاۋۇللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش نىشانى، باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

باش سەنمۇ بۇ بىلەن باش سىياسىي بىزنىڭ «ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدىكى مىنبىك، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر»ـ نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكەتبويىچە تايانچ مىنبىگىلار تەكشۈرۈشتىن بۆرۈنقىدىن 80% ئاشىدىغان، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان ئادەم سانى بۆرۈنقىدىن 88% كېمەيدى، مىنبىك قوراللىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىمۇ 80% تارايدى، ئارمىيە بويىچە زاپاس ھەربىيلەر شى ـ تۇەنى تەشكىللەش ۋە رەسمىي قىسىملارنىڭ خادىملىرىنى ئالدىن تولۇقلاش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقـ ئارا ۋەزىيەت ئۈستىدە قىلغان تەھلىلگە ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش تەلىپىدىن قارىغاندا، مىنبىك، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ

تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا تېخىمۇ ئوبدان بويسۇنۇش ۋە
ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش، مەركى-
زىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەسمىي قىسىملارنى ئازايتىش،
زاپاس كۈچلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى
فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ھازىرقى
ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە مىنىبىڭ، زاپاس
ھەربىيلەر خىزمىتى سانىنى ئازايتىش، سۈپەتنى ئۆستۈ-
رۈش، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئاساسنى پۇختا
سېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. كونكرېت پىكىرلەر مۇنۇلار-
دىن ئىبارەت:

1. مىنىبىڭ تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، مىنىبىڭ بىلەن
زاپاس ھەربىيلەرنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان
ئىشلەپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىشقا پۇختا ئا-
ساس سېلىش لازىم. تايانچ مىنىبىڭلار يەنىلا مىنىبىڭ
خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار-
نىڭ سانىنى تېخىمۇ ئازايتىش، 1995 - يىلىغىچە ھازىر-
قى ئاساستا 64% ئازايتىش لازىم. شەھەرلەر ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا مىنىبىڭ، زاپاس ھەربىي-
لەر خىزمىتىنىمۇ تەڭ ئىسلاھ قىلىپ، مىنىبىڭلارنىڭ تەر-
بىيە ۋە تەلىمىنى كارخانا باشقۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈ-
شى لازىم. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تولۇق ئوتت-
تۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەدرىجىي ھالدا ھەربىي

تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

2. مىنبىڭلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى تايانچلىق، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش لازىم. ھەردەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ۋە ئۇنىڭ كادىرلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا، مىنبىڭلارنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر قۇرۇلۇشنى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇش ۋە ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

3. مىنبىڭلارنىڭ تەربىيە ۋە تەلىمدە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش لازىم. مەملىكەت بويىچە مىنبىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى باش سەنمۇبۇ چۈشۈرۈپ بەرگەن تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت، تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلمىغان جايلار ۋە ئورۇنلاردا مىنبىڭلار تەلىم ـ تەربىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلمايدۇ. مىنبىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى تەدرىجىي ھالدا ناھىيە (شەھەر) لەردىكى تەلىم ـ تەربىيە بازىلىرىغا يىغىپ ئېلىپ بېرىشقا يۈزلىنىش لازىم. تەلىم ـ تەربىيە ۋاقتى ھەربىي خىزمەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. مىنبىڭلارغا قارى-

تىلىغان سىياسىي تەربىيە ئاساسلىقى مىنبىگلارنىڭ خىز-
مەت ۋەزىپىسى ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش
پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. مىنبىگ-
لارغا ئايدا بىر قېتىم سىياسىي دەرس ئۆتۈش يىلدا
تۆت قېتىم ئۆتۈشكە ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە كۆز
قارىشىنى ئۈستۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدۇ. ئادەت-
تىكى مىنبىگلار ئادەتتىكى چاغلاردا ھەربىي تەلىم - تەر-
بىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلمايدۇ.

4. مىنبىگلارنىڭ قورال تۈرلىرىنى تەڭشەش، تار-
قىلىش دائىرىسىنى تارايتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش
لازىم. ئاساسىي قاتلامدىكى مىنبىڭ قوراللىرىنىڭ سا-
نىنى تەدرىجىي ئازايتىپ، تارقىلىش دائىرىسىنى تاراي-
تىش لازىم. قۇرۇقلۇق - دېڭىز چېگرا مۇداپىئە سېپى ۋە
جەڭ ھازىرلىقىدىكى نۇقتىلىق جايلاردا مەلۇم ساندىكى
قوراللارنى ساقلاپ قېلىش، ئىچكى ئۆلكىلەردە تەلىم-
تەربىيىگە ئېھتىياجلىق قوراللارنى ساقلاپ قېلىشتىن
باشقا، قالغان قوراللارنى تەدرىجىي ھالدا ناھىيىدىن
يۇقىرى قورال ئىسكىلاتلىرىغا يىغىپ پېچەتلەپ ساقلاش
ھەمدە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھادىسە يۈز بېرىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

5. زاپاس ھەربىيلەر قىسمىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا سەپەرۋەر قىلىشنىڭ تەييارلىق خىز-
مىتىنى تەدرىجىي پۇختىلاپ، زاپاس ھەربىيلەر قىسمىنى

پىلانلىق قوروپ چىقىش لازىم. نۆۋەتتە ئاساسلىقى سىناق نۇقتىلىرىنى ئوبدان تونۇش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش، كونترول قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. رەسمىي قىسىملار ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇرۇش ۋاقتىدىكى شتات بويىچە پىلانلىق ھالدا تولۇقلىنىدىغان خادىملارنى ئالدىن تەشكىللەش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىشى، ئۇلارنى قەرەللىك تەلىم-تەربىيىگە ئۇيۇشتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى بارا - بارا تولۇقلىشى ۋە قىسىمدا ساقلىشى لازىم.

6. مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى يەرلىكنىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇلارنى يەرلىكنىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىنمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، يەرلىك پارتكوم بىلەن ھەربىي سىستېمىلار قوش رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت خەلق قوراللىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى ئۆز مەجبۇرىيىتى ۋە ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، رەھبىرىي يولداشتىن بىرنى

مەسئۇل قىلىشى لازىم. ھەربىي كومىتېتنىڭ باش بۆلىرى ۋە چوڭ ھەربىي رايونلار رەسمىي قىسىملارنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىككە ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلار، شۆبە ھەربىي رايونلار تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملارغا پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى مەسلىھەتچى بولۇشى ھەمدە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ ھەربىي خىزمەتلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا رەھبەرلىك قىلىشى لازىم.

1985 - يىلى باش سەنمۇ بۇنىڭ ئەسكەر چاقىرىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بىلەن ھەربىي رايون ئەسكەر چاقىرىش بۇيرۇقىدا: جايلاردىن چاقىرىلغان يېڭى ئەسكەرلەرنى ناھىيە، شەھەر، تۇەن-مەيدانلار كادىر ئاجرىتىپ قىسىملارغا ئاپىرىپ بېرىش؛ قاتناش قولايلىق بولغان رايونلار يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۆز ئادىمىدا قىسىمغا بېرىپ تىزىمغا ئالماشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لەنجۇ ھەربىي رايونى 1985-يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشۈرگەن 51 - نومۇرلۇق بۇيرۇققا ئاساسەن، ئۈرۈمچى ھەربىي رايون سىلىكبۇسى

نىڭ سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ سەپەرۋەرلىك باشقارمىسى ۋە مىنبىنىڭ، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم ـ تەربىيىسى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى لەنجۇ ھەربىي رايونى 1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشۈرگەن 51 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق بويىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**شىنجاڭ مىنبىڭلەرى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى**

* * *

شىنجاڭ ھەربىي رايون سىلىڭبۇ سەپەرۋەرلىك باشقارمىسى، مىنبىڭ، زاپاس ھەربىيلەر تەلىم-تەربىيىسى باشقارمىسى تۈزدى

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخسۇت غوجانىياز
تۇرغۇن ياسىن

تەرجىمە تەھرىرى: ئۆمەر مەتتىمىن

مەسئۇل تەھرىر: قۇربان ياسىن

ج خ ئا ئا 7220 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1988 - يىل 7 - ئايدا تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇلدى